ھېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى

# ئىناقلىق ھەققىدە

# ھېكمەتلەر



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكتىرون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

هېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى

# ئىناقلىق ھەققىدە

# ھېكمەتلەر


پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچىلەر: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
ئايشەمگۈل ئايۇپ
جۈرئەت نىياز
بىلقىز مۇھەممەت





شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىكى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

图书在版编目(CIP)数据

关于和睦的格言:维吾尔文/阿迪力・穆罕默德主编. 一乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，2008.8
(经典格言系列丛书)
ISBN 978-7-80744-424-4

Ⅰ.关... Ⅱ.阿... Ⅲ.格言一汇编一世界一维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.H033

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2008）第 122093 号

| | |
|---|---|
| 丛书名 | 经典格言系列丛书 |
| 本册书名 | 关于和睦的格言 |
| 策划 | 穆拉提・伊力 |
| 主编 | 阿迪力・穆罕默德 |
| 编者 | 艾则孜・阿塔吾拉・萨尔特肯<br>阿依夏木古丽・阿尤甫<br>居来提・尼亚孜<br>贝丽克孜・穆罕默德 |
| 特约编辑 | 阿米娜・克奇克 |
| 责任编辑 | 艾尼瓦・库迪力克 |
| 责任校对 | 克尤木・吐尔逊 |
| 出版 | 新疆美术摄影出版社<br>新疆电子音像出版社 |
| 地址 | 830000 乌鲁木齐市西虹西路 36 号 |
| 发行 | 新疆新华书店 |
| 印刷 | 新疆新博文印刷有限责任公司 |
| 开本 | 880×1230mm 1/32 |
| 印张 | 3 印张 |
| 字数 | 51 千字 |
| 版次 | 2008 年 8 月第 1 版 |
| 印次 | 2008 年 8 月第 1 次印刷 |
| 书号 | ISBN 978-7-80744-424-4 |
| 定价 | 9.90 元 |

(书中如有缺页,错页及倒装请与工厂联系)

www.uyghurkitap.com

# تۈزگۈچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، قايسى بىر دانىشمەن «دۇنيا دانىشمەنلەرنىڭ ئىلكىدىدۇر» دېگەن ئىكەن. دەرۋەقە دۇنيا دانىشمەنلەرنىڭ ئەقىل ـ پاراسەت جەۋھەرلىرى بىلەن ئۆز مەنىدارلىقىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر مۇتەپەككۇرلارنىڭ كىشىلىك ھايات يەكۈنلىرى بولغان ھېكمەتلىك ئىبارىلەر زامان ـ زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قىممىتى يوقىماس گۆھەردەك نۇر چېچىپ، خەلقىنىڭ مەنىۋىيىتىنى تويۇندۇرۇشىدىكى خورىماس بۇلاق بولۇپ كەلدى. ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ھېكمەتلىك ئىبارىلىرى پارچە ـ پارچە مەنبەلەردە ئېلان قىلىنغان ياكى قىسقىچە توپلام ھالىتىدە نەشر قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما مەزمۇن بويىچە ئايرىم ـ ئايرىم توپلام قىلىنمىغان ئىدى. بۇ قېتىم بىز ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان ۋە تۈرلۈك ئەسەرلەردە تىلغا ئېلىنغان ھېكمەتلىك سۆزلەرنى توپلاپ، مەزمۇن بويىچە تۈرگە ئايرىپ «ھېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى» دېگەن نام ئاستىدا 50 يۈرۈش كىتاب قىلىپ تۈزۈپ چىقتۇق. ئىشىنىمىزكى، بىزنىڭ بۇ كىچىككىنە ئەمگىكىمىز خەلقىمىزنىڭ تارىختا ئۆتكەن ھەرقايسى ئەل مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ دۇنيا قارىشى بىلەن تونۇشۇشىدا، شۇنداقلا ئۇنىڭدا ئېيتىلغان ھايات تەجرىبىلىرى ئارقىلىق ئۆز مەنىۋىيىتىدىكى بوشلۇقلارنى تولدۇرۇشىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدۇ.

ئەركىنلىك بىلەن ئىتتىپاقلىق مەڭگۈ ئايرىلماس بىر گەۋدە!
دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىنىڭ شانلىق نۇرى» دىن

قۇللۇق تۇزۇم بىلەن ئەركىنلىكنىڭ ئورتاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا چىداپ تۇرغىلى بولمايدۇ.
دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىنىڭ شانلىق نۇرى» دىن

تاش سېپىللار ئەمەستۇر تۇرمە،
تۆمۈر توسۇق ئەمەس ھەم قەپەس.
پاك ـ غۇبارسىز كىشىلەر كېلىپ،
ماكان قىلسۇن بۇ جاينى بىر پەس.
بولسا پەقەت ئەركىكە سۆيگۈ،
ھېچكىم روھىم قىلالمايدۇ بەند.
كۆيلىگىن! كۆكتىكى پەرىزاتلارلا،
بۇ خىل ئەركىنلىكتىن چاقالايدۇ قەنت.
دالى كارنېگ: «ئۇلۇغ ئەربابلار» دىن

مەن بالىلىرىمنىڭ ئەركىن، خۇشال بولۇپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ

چەكلىمىسىگە ئۇچرىماسلىقىنى ياخشى كۆرىمەن. مۇھەببەت بىر زەنجىرگە ئوخشاش باللارنى ئاتا ـ ئانىسىغا باغلاپ تۇرىدۇ.

دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىنىڭ شانلىق نۇرى» دىن

ئەمالىق بەختسىزلىك ئەمەس. بەلكى ئەمالىقنىڭ ئازابىغا بەرداشلىق بېرەلمەسلىك بەختسىزلىك.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

بەختكە ئېرىشىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى ئۆز ئىرادىسى ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغان ئىشلارغا باش قاتۇرۇپ يۈرمەسلىك.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

بەخت — ئالدى بىلەن بەھرىمەن بولۇش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش دېمەكتۇر. شۇنداق، بەخت دېگىنىمىز قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان چاغدىكى غەلىبە تۇيغۇسى ۋە لىمونىنىڭ شىرنىسىنى ئالغان چاغدىكى ئېپىتىخارلىق تۇيغۇسىدۇر.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

بەزىلەر تۇرمۇشنىڭ خاتىرجەم، ئازادە، ئوڭۇشلۇق ۋە مول بولۇشى ئىنسانلارنىڭ بەختلىك بولۇشىدىكى ئالدىنقى شەرت، دەپ قارايدۇ، بۇنداق نۇقتىئىنەزەرگە مەن قوشۇلمايمەن. ئىنسانىيەت تارىخىغا ئەتراپلىق نەزەر سالساق شۇنى كۆرۈۋالايمىزكى، تۇرۇۋاتقان مۇھىتى قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئۆزىنىڭ

مەجبۇرىيىتىنى باتۇرلۇق بىلەن ئۈستىگە ئالالايدىغان كىشىلەرلا كىشىلىك تۇرمۇشتىكى بەختنى ھېس قىلالايدۇ.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

كۆڭلىڭىزنىڭ خاتىرجەملىكى ۋە تۇرمۇشىڭىزنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن، ناۋادا سىزگە تەقدىر بىر دانە ئاچچىق مېۋە ئاتا قىلسا، ئۇنى كۈچىڭىزنىڭ بارىچە ئېزىپ، پايدىلىق شىرنىسىنى ئېلىڭ.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

پەقەت باشقىلارغا بەخت ئاتا قىلالىغان كىشىلەرلا ئۆزىنىڭمۇ بەختلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايدۇ.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

ئەگەر بەختكە ئېرىشمەكچى بولساڭلار، ئۆزۈڭلارنى ئۇنتۇپ، باشقىلارغا غەمخورلۇق قىلىڭلار، باشقىلارنى خۇش قىلىدىغان ياخشى ئىشتىن ھەر كۈنى بىرنى قىلىڭلار.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

ئۆچمەنلىكنىڭ دوستى يوق، مۇھەببەتلىك كىشىنىڭ دۈشمىنى يوق.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن

بىز كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئەڭ ئېتىبارسىز قارايدىغان گۈزەل

ئويغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئەخلاقلارنىڭ بىرى — ماختاشتىن ئىبارەت.
دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

نەپرەتنى نەپرەت بىلەن ئەمەس، مۇھەببەت بىلەن يوقاتقىلى بولىدۇ.
دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

ئاچچىق - چۇچۇك ئارىلاشقان تەلۋىلەرچە ھېسسىيات ناھايىتى زور قىممەتكە ئىگە. ئەتە سىز كۆرۈشىدىغان كىشىلەرنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمى ھېسداشلىققا تەشنا كىشىلەردۇر. ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىڭ، ئۇلار سىزنى سۆيىدۇ.
دالى كارنېگ: «گۈزەل ھايات» تىن

باشقىلارنىڭ سىزنىڭ پىكىر يۈرگۈزۈش ئۇسۇلىڭىزنى قوبۇل قىلىشىنى ئۈمىد قىلسىڭىز، قائىدىنىڭ توققۇزىنچى ماددىسى مۇنداق:
باشقىلارنىڭ ئوي - پىكرى ۋە ئارزۇسىغا ھېسداشلىق قىلىڭ.
دالى كارنېگ: «گۈزەل ھايات» تىن

ھالىغا يەتكۈدەك ئېيتىلغان بىر - ئىككى ئېغىز سۆز، باشقىلارنىڭ پوزىتسىيىسىگە تۈتۈلغان كەڭ قورساقلىق چۈشەنچە باشقىلارغا كېلىدىغان كۆڭۈل ئاغرىقىنى يەڭگىللىتەلەيدۇ، يۈزى چۈشۈپ كەتمەيدۇ.
دالى كارنېگ: «گۈزەل ھايات» تىن

ئىلگىرىلەش ناھايىتى كىچىك بولسىمۇ ئۇنى ماختايلى! شۇنداق قىلغاندا كىشىلەرنى ئۈزلۈكسىز ئالغا يۈكسىلىشكە رىغ-بەتلەندۇرگىلى بولىدۇ.

دالى كارنېگ: «گۈزەل ھايات» تىن

بىر كىشى بىر ئۇلۇغ زاتتىن سورىدى: «پالانچى كىشى ئۇ-زۇندىن بېرى ماڭا مۇھەببەت ئىزھار ئەيلەپ، دوستلۇق ۋە ئىخلاس دەۋاسىنى قىلماقتا. ئۇنىڭ راست ياكى يالغانلىقىنى قانداق بىل-گىلى بولىدۇ؟» ئۇلۇغ زات ئۇنىڭغا دېدى: «يۈرىكىنىڭ تۈۋىگە باق، ئەگەر ئۇ يەردە دوستلۇققا ئورۇن بولسا، دوستلاشقىن!» بېيىت:

بىراۋ ساڭا مېھىر يولىنى تۇتسا،
كۆڭلۈڭ كۆرگۈسىگە بېقىپ، قۇلاق سال.
ئەگەر يۈرىكىڭدە نەپرەت قوزغالسا،
ئاكاڭ بولسا ھەمكى، ئۇندىن قېچىپ قال.

مەجدىددىن خەۋافىي



ھەكىملەرنىڭ ئېيتىشلىرىچە، ھەرقانداق كىشى بەدۆلەت چېغىدا دوستلىرىغا ياردەم قولىنى سوزمىسا، كەمبەغەللىشىپ قالغان چېغىدا ھېچكىم ئۇنىڭغا ياردەم قولىنى سوزمايدۇ. سورى-دىلەركى: «دوست كىم؟». جاۋاب بەردىلەر: «ئېغىر كۈنلەردە ياردەم قولىنى سوزغان كىشى!».

«مەخزەنۇل ئۇلۇم» دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگانە ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

دوستلارنىڭ غېمىنى يېگىن دائىما،
دوستلار خۇرسەن بولسا سەن ھەم خۇشالسەن.
ئەگەر سەن دوست ئۇچۇن قىلساڭ خەسىسلىك،
بىلگىنكى، ئۆزۈڭ ھەم شۇڭا لايىقسەن.

مۇئىنىددىن جۇۋەينى

—ھەي ئەزىزىم، بىلگىنكى، دوست دوستىنىڭ يېنىدا بول- سۇن ياكى يىراق يەردە بولسۇن، ئۇلار بىر - بىرىگە نىسبەتەن زادىلا ئۆزگەرمەيدۇ، بىر - بىرىنىڭ شادلىقىغا ھەمدەم بولىدۇ. بېشىغا غەم چۈشسە تەڭ قايغۇرۇشىدۇ، دوستىغا ياخشىلىق قىلسا ئۇنى ئۇنتۇيدۇ، دوستى ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلسا ھېچقاچان ئۇنتۇمايدۇ. ئەگەر، دوستىدا خاتالىق يۈز بەرسە كەچۈرىدۇ، دوستىغا ياخشىلىق قىلسا، ئۇ قاچان قايتۇرىدىكىن دەپ تەمە كۆزىنى تىكمەيدۇ. پەقەت —مال - دۇنياپەرەس كىشىلەر، ھەممە نەرسىنى بايلىق بى- لەن ئۆلچەيدىغان كىشىلەرلا شۇنداق خىيالدا يۈرۈشى مۇمكىن.
ئەبۇلبەرەكات قادىرى

بىر بۇيۇك كىشىنىڭ دوستى يىرىم كېچىدە ئىشىك قېقىپ كەلدى. بۇيۇك كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ، بىر خالتا پۇل ئالدى، ئۆت- كۈر قىلىچ ئاستى ۋە كېنىزىكىگە شام ئېلىپ بىرگە مېڭىشنى تاپىلىدى. ئىشىكنى ئېچىپ دوستىغا دېدى: «سىنىڭ كېلىشىڭدە ئۈچ سەۋەب بار دەپ تەخمىن قىلدىم. بىرىنچى، بىرەر ھادىسە يۈز

بېرىپ، پۇلغا موھتاج بولىدىكەن دەپ، پۇل ئېلىپ چىقتىم؛ ئىككىنچى، دۈشمەن ساڭا ھۇجۇم قىلىدىكەن دەپ، قىلىچ كۆتۈرۈپ چىقتىم؛ ئۈچىنچى، بىرەر مۇھىم ئىشنى چىقىپ قالىدىكەن دەپ، كېنىزىكىنىنى ئېلىپ چىقتىم».

دوستى ئۇنىڭدىن ئۆزرە سورىدى ۋە كۆڭلىدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن دوستلۇقى ۋە ئىشەنچىسى يەنىمۇ ئاشتى. بېيىت:

دوستلارنى ھاجەتىن چىقارغىل تېزدىن،
كەم ئويلا، پايدا يا زەرەر دېمىگىن.

مۇئەنىددىن جۇۋەينى

بىر ھەكىم بۇيرۇيدۇ: «دوستۇڭ ساڭا نەسىھەت قىلىشتىن ئېرىنسە، توغرا يول كۆرسىتىشكە ئۇرۇنمىسا، ئەيىبىڭنى بىلىپ تۇرۇپ سېنى ئاگاھلاندۇرمىسا، ئۇنداق دوستتىن كەچكىنكى، ئۇنىڭدىن كېچەيمۇ ـ كەچمەيمۇ ياكى ئۇزاقلىشايمۇ ـ ئۇزاقلاشمايمۇ دەپ ئويلاپ ئولتۇرۇشنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى يوق».

كىمكى ئەيىبىڭنى ئېيتسا ئەگەر يۈزۈڭدە،
شاد بولۇپ ئۆپسەڭ ھەمكى ئاز ئېرۇر، كۆزلىرىگە.

ئەبۇلبەرەكات قادىرى



مىڭ ئادەمنى ئۆزۈڭگە دوست قىلىمەن دەپ، بىر ئادەمنىمۇ دۈشمەنگە ئايلاندۇرما. چۈنكى، دوست مىڭ بولسىمۇ ئاز، دۈشمەن بىر بولسىمۇ كۆپتۇر.

«ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

دانالاردىن بىرى ئېيتىدۇ:

—يامان كىشىلەر بىلەن ئۇلپەت بولۇشتىن قاچقىن، چۈنكى، ئادەمنىڭ تەبىئىتى ئوغرىدۇر. ئۇ ياخشى كىشىلەر بىلەن سۆھبەتداش بولغىنىدا، ياخشى خىسلەتلەردىن بەھرىمەن بولغىنىغا ئوخشاش، يامانلار بىلەن ئۇلپەت بولغىنىدا، ئۇلاردىن ئازغىنە بولسىمۇ يامان ئادەت ئوغرىلىۋالىدۇ.

مۇھەممەد جەبەلرۇدىي

دوست شۇنداق كىشىكى، ئۇ ئۆز دوستىدىن ھېچقاچان بىرەر نەرسىسىنى ئايىمايدۇ. مال ـ دۇنياغا خەسىس ۋە بېخىل كىشىدىن دوستلۇق كۈتكىلى بولمايدۇ. مەسنەۋى:

ھەر كىم ئۆز نەپسىنىڭ بولسا دىلبەندى،[1]
يامان دېگەن نامغا بولغۇسى بەندى.
ئەگەر ئادەم بولساڭ دۇنيادا ئاقىل،
ئۆمرۈڭنى مۇھەببەت يولىدا سەرپ قىل.
ھەر ئىشتا ئەيلىگىن پىكرۇ ئەندىشە،
ياخشى ئادەتلەرنى ئەيلىگىن پېشە.[2]
بىراۋغا ھېچقاچان قىلما يامانلىق.
ئاخىرسەن ئادەمغۇ قىلما چايانلىق.
گۈلنى خاردىن قۇتقۇز، خارنى بەرگىدىن،
ئامان بولغۇڭ شۇندا خارلىقۇ مەرگىدىن.[3]

---

① دىلبەند — سۆيۈملۈك بالا، ئەزىز پەرزەنت.
② پېشە — كەسىپ، مەشغۇلات ۋە ئادەت.
③ مەرگ — ئۆلۈم، ئەجەل.

دۈشمىنىڭ دىلىنى ئىست، قىلما خار،
دوستنى ئايلاندۇرما دۈشمەنگە زىنهار.
ياخشىلىق دۈشمەننى قايتۇرۇر يولدىن،
يامانلىق دوستلارنى چىقىرۇر قولدىن.
دوستلىرىڭ مىقدارى يۈز مىڭ بولسا ھەم،
بىر نەپەر دۈشمەندىن ھەزەر قىل ھەردەم.
مىڭ بولسىمۇ ئەگەر دوستلىرىڭ ئازدۇر،
دۈشمىنىڭ بىر بولسىمۇ كۆپتۇر، ناسازدۇر.

مۇئىنىددىن جۇۋەينى

ئەقىل ئىگىسى بولغان دوست ئارازلىشىپ قالغانلىق سەۋەبىدىن ئۆز دوستىنى تاشلىۋەتمەيدۇ، ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە ئاۋۋالقى دوستلۇقنى قايتا تىكلەشكە ئۇرۇنىدۇ. كىمكى ئەيىبلىك بولسا، ئەيىبلىك كىشى ئالدى بىلەن ئەپۇ سورىسا ۋە ئەيىبىگە ئىقرار بولسا، بۇرۇنقى دوستلۇق قايتا تىكلىنىدۇ. ئەمما، ھەر ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىگە ھوشيىپ، «سەن ئاۋۋال ئەپۇ سورا» دەپ قېيىدىشىپ يۈرسە، ئىتتىپاقلىق نىپاقىا (ئىتتىپاقسىزلىق)، مۇھەببەت بولسا ئاداۋەتكە ئايلىنىشى مۇقەررەردۇر.

ئەبۇلبەرەكات قادىرى

بىرەر كىم بىلەن دوستلىشىش ۋە سۆھبەتداش بولۇشتا سەككىز تۈرلۈك ھەق بار بولۇپ، ئۇلارغا تولۇق ئەمەل قىلىش زۆرۈر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرىسى

بىرىنچى، مال ھەققى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۈچ دەرىجە بار: بىرىنچى دەرىجە شۇنداقكى، سىز دوستلىرىڭىزنىمۇ ئۆزىڭىزدەك تەسەۋۋۇر قىلىشىڭىز لازىم. مەسىلەن، سىز ئۆز مال ـ مۈلكىڭىزگە قانداق ئىگىلىك قىلسىڭىز، ئۇلارنى ئىشلىتىشكە قانچىلىك ئەركىن بولسىڭىز، دوستلىرىڭىزنىڭمۇ شۇنداق يول تۇتۇشىغا ئىمكانىيەت بېرىڭ؛ ئۈچىنچى ۋە ئالىي دەرىجە شۇنداقكى، دوستلىرىڭىزنىڭ ئىشىنى ۋە ئۇلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئۆز مەنپەئىتىڭىزدىن يۇقىرى قويۇشىڭىز كېرەك.

ئىككىنچى، نەپس ھەققىدۇر. بۇ شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، دوستلىرىڭىزنىڭ بېشىغا كۈن چۈشۈپ، سىزدىن بىرەر نەرسە ياكى ياردەم سوراپ كېلىشتىن ئىلگىرى، سىز ئۇلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىشقا ئالدىرىشىڭىز كېرەك.

ئۈچىنچى، تىل ھەققىدۇر. تىل دېيىشتىن مۇراد نۇتۇقدۇر، يەنى دوستلىرىڭىزغا قاتتىق سۆزلىمەڭ، ئۇلارنىڭ ئەيىبلىرىنى يۈزىگە سالماڭ، كەمچىلىكلىرىنى كىشىلەردىن يوشۇرۇڭ، ياخشىلىقلىرىنى ماختاڭ، ئۇلارغا ساختىنا مۇئامىلىدە بولماڭ، ئۇلارنى شادلاندۇرىدىغان ۋە قۇۋاندۇرىدىغان ھەق سۆزلەرنى سۆزلەڭ.

تۆتىنچى ھەق — ئەزالار ھەققىدۇر، يەنى دوستلارنىڭ تەن ئەزالىرىدا بىرەر يامانلىق ياكى نۇقسان كۆرۈلسە، ئۇلار كەچۈرۈ-

لىدۇ. بىرەر ئىشتا ئۆزرىسىنى ئېيتسا، كەچۈرۈلىدۇ.

بەشىنچىسى، ۋاپا ھەققىدۇر. ۋاپانىڭ مەنىسى شۇكى، دوستلۇق بابىدىكى سابات ۋە ئۇنىڭغا ئۆلگۈچە ئەمەل قىلىشتۇر. ئۆلگەندىن كېيىن بولسا بۇ ھەقنى دوستلارنىڭ بالىلىرىغا ياكى دوستلىرىغا نىسبەتەن داۋاملاشتۇرۇشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن دانالار: «تىرىكلىكىدە كۆرسىتىلگەن كۆپ ۋاپادىن ئۆلگەندىن كېيىن كۆرسىتىلگەن ئازغىنا ۋاپا ئەۋزەلدۇر» دەيمىشلەر. چۈنكى، دوستلارغا ئۇلار ئۆل-گەندىن كېيىنمۇ داۋاملاشقان ۋاپا ئۇلارنىڭ تىرىكلىكىدە قىلىنغان ۋاپاغا قارىغاندا ساپ ۋە تازا ھەم رىيادىن خالىي بولىدۇ.

ئالتىنچىسى، ئىخلاس ھەققىدۇر. بۇ شۇنىڭدىن ئىبارەتكى. دوست ئۆزىدىن يىراقتا ياكى يېنىدا بولغان پەيتلىرىدە، ئۇنىڭغا بىر خىل مۇئامىلە قىلىنغاي، ئۆزگەرمىگەي، ئىككى ئوتتۇرىدا بولغان مۇھەببەت ۋە ساداقەتكە رىئايە قىلىشتا زەررىچە نۇقسانغا يول قو-يۇلمىغاي.

يەتتىنچىسى، يوقلاش ھەققىدۇر. بۇ شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، دوستلار تىرىكلىكىدە ۋە ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ ئۆزى ۋە ئەۋلادىمۇ ياخشى سۆزلەر بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇلارغا ھەمىشە ئامەت تىلىنىدۇ، ئۆزىگە قانداقلىكى ياخشى نەرسە تىلىسە، ئۇلار-غىمۇ قوشۇپ تىلەيدۇ.

سەككىزىنچىسى، ئۆزىنى تىزگىنلەشنى بىلىش ھەققىدۇر. بۇ شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، تەكەللۇپ ئومۇمەن تەرك ئېتىلىدۇ، ھەر قانداق ئورۇنسىز تەكەللۇپلارغا يول قويۇلمايدۇ. چۈنكى، تەكەللۇپچىلىق نالايىق ئىش بولۇپ، تەكەللۇپ قىلغۇچىنىمۇ، دوستلارنىمۇ قىيىنىمايدۇ ۋە قۇلايسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ.

مەھمۇد ئىبن مۇھەممەد

ھېكمەت دوستسىز ياشىغىلى بولماس، ئەمما ھەرقانداق ئادەم دوستلۇققا ياراۋەرمەيدۇ. بېيىت:

دوست خەزىنە يۇ، دوستلۇق گۆھەردۇر،
گۆھەرنى يوقاتماق ئەيىب ـ نۇقساندۇر.
مىڭ دوست ئاز، بىر دۈشمەن كۆپتۇر،
قولۇڭدا بار ئىكەن تاكى ئىمكانىڭ،
بىراۋنىڭ كۆڭلىگە بەرمىگىل ئازار.
مىڭلاپ كىشىلەرنى دوست تۇتماق ياخشى،
ئەمما بىر دۈشمەن ئۇنىڭدىن بىسيار.

بىر ھەكىمدىن سوراشتى: «ئەڭ سادىق دوست كىم؟» جاۋاب بەردى: «گەۋدە ئىككى بولسىمۇ، بىرلا جانغا ئىگە كىشىلەر.» بېيىت:

كۆپ دوستنىڭ تېنىدە جېنى بىر بولۇر،

جۇدا بولۇشمايدۇ ئۆلۈم كەلسە ھەم.
بىرىنىڭ بېشىغا كەلسە بىر بالا،
جاننى پىدا قىلۇر دوستىغا شۇ دەم.

بىر ھەكىمدىن سوراشتى: «قانداق سەپەر ئەڭ ئۇزاق سەپەر؟»
ھەكىم جاۋاب بەردى: «سادىق دوستنى ئىزلەش سەپىرى.» بېيت:

ئىزلىگەن نەرسىنى تېپىش مۇمكىندۇر،
بىراق سادىق دوستنى تېپىش قىيىندۇر!

مۇئىنددىن جۇۋەينى

دانالارنىڭ ئېيتىشلىرىچە، ئۈچ گۇرۇھ كىشىلەر بىلەن دوستلۇق يولىنى تۇتۇش مەقسەتكە مۇۋاپىقتۇر.

بىرىنچىسى، ئىلىم ئەھلى بولۇپ، ئۇلار ئۆز ئۆمۈرلىرىنى ئىلمۇ ئەدەپ بىلەن ئۆتكۈزگەن ۋە ھاياتنىڭ ھەممە ئاچچىق - چۇ-چۇكىنى تېتىغان بولىدۇ.

ئىككىنچىسى، خۇش تەبىئەتلىك سائادەتمەن كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ئۆز دوستلىرىنىڭ ئەيىبلىرىنى باشقىلاردىن يوشۇرىدۇ ۋە ھېچقاچان ئاشكارىلىمايدۇ. دوستلىرىدىن سادىر بولغان خاتالارنى خىلۋەت جاي تېپىپ ئۆزلىرىگە ئېيتىدۇ ۋە ئۇلاردىن ئۆگۈت - نەسىھەتنى ئايىمايدۇ.

ئۈچىنچىسى، غەرەزسىز ۋە تەمەسىز كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

نىڭ دوستلۇقى ھەقىقىي بولىدۇ، بىرەر پايدىنى كۆزلەپ دوستلاشقان بولمايدۇ.

ئەبۇلبەرەكات قادىرى

بىر ھەكىمدىن سوراشتى: «دوستلىرىڭىزنىڭ قايسىسى سىزگە كۆپرەك ياقىدۇ، قايسىسى ئاكىلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى، ئۇلاردىن قايسىبىرىگە مۇھەببىتىڭىز ئارتۇق؟» ھەكىم شۇنداق جاۋاب بەردى: «ئۇرۇشۇپ قالسام يارىشىدىغىنى ۋە ئۆزرە سورىسام كەچۈرىدىغىنى.»

مۇئىنىددىن جۇۋەينى

بۇقرات ھەكىم ئېيتىدۇ: «ئىككى ئاقىلنىڭ دوستلۇقى ئەقىل تەقەززاسىغا مۇۋاپىق بولۇپ، بۇ دوستلۇقنىڭ ئۆمرى مەڭگۈلۈك بولىدۇ. ئەمما، ئىككى نادانىنىڭ دوستلۇقى بولسا تۇراقسىز بولىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتلىرىنى دەپ ئاسانلا ئۇرۇشۇپ قالىدۇ، ئىككى جاھىلنىڭ دوستلۇقى ھېچقاچان باقىي بولمايدۇ، ئۇلار بىرەر ئىش توغرىسىدا بىر قارارغا كېلەلمەيدۇ، نەتىجىسى بولسا زىيان بىلەن تۈگەيدۇ.»

دانالارنىڭ ئېيتىشلىرىچە، دوست ئۈچ خىل بولىدۇ: بىرىنچىسى، «جان دوست» بولۇپ، بۇنداق دوست ھەقىقىي دوست ھې-

سابلىنىدۇ ۋە دوستى ئۇچۇن جېنىنىمۇ ئايىمايدۇ؛ ئىككىنچى خىل-
لى، «تىل دوست» بولۇپ، ئۇ رەسمىيەت يۈزىسىدىن تىلىنىڭ ئۇ-
چىدا دوستلۇق ئىزھار قىلىدۇ. ئەمما دوستىنىڭ بېشىغا بىرەر
كۈلپەت چۈشسە ئۆزى تۇرماق قارىسىنىمۇ كۆرسەتمەيدۇ؛ ئۈچىنچى
خىلى، «مال دوست» بولۇپ، بۇنداق دوست يەپ - ئىچىش ئۈچۈنلا
دوست بولىدۇ. پۇلۇڭ تۈگىگەندە بولسا سايىسىنىمۇ كۆرسەتمەيدۇ.

ئەبۇلبەرەكات قادىرىي

ھېكايەت دوست ئۈچ خىل بولىدۇ: بىرىنچى خىلى، تاماقتا
ئوخشاش بولۇپ، ئۇلاردىن ھېچقاچان ئايرىلىش مۇمكىن ئەمەس؛
ئىككىنچى خىلى، دورىغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇلارغا ئارىلاپ - ئارىلاپ
ئېھتىياج چۈشىدۇ؛ ئۈچىنچى خىلى دەردكە ئوخشاش بولۇپ،
ئۇلاردىن ھېچقانداق ياخشىلىق كەلمەيدۇ. بېيىت:

تەلەيلىك يار بىلۇر دوستلۇق قەدرىنى،
مۇھەببەت مېھرىنى تاقاپ قەلبىگە!

مۇئىنىددىن جۇۋەينى



دانالارنىڭ ئېيتىشلىرىچە، دوست ئىككى خىل بولىدۇ: بى-
رىنچى خىلدىكى دوستلار ھەقىقىي دوستلار بولۇپ، ئۇلار ئۆزلى-
رىنىڭ ئىچكى ئالەمنى، جىنسىيىتى ۋە پېئىل - ئەتىۋارىنىڭ مۇ-

ۋاپىقلىقى بىلەن دوستلىشىدۇ؛ ئىككىنچى خىل دوستلار بولسا ۋاقتىنچە، بىرەر ئىشنى ئادا قىلىۋېلىش ئۈچۈن، بىر ـ بىرلىرىگە زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن مەجبۇر بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن دوستلۇق يىپىنى باغلايدۇ. بىرىنچى خىلدىكى دوستلارنىڭ دوستلۇقى مەڭگۈلۈك، ئىككىنچى خىلدىكىلەرنىڭ دوستلۇقى بولسا ئاسانلا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

ئەبۇلبەرەكات قادىرىي

بىر ئۆلۈغ زاتتىن سورىدىم: «نەچچە دوستلىرى بار؟» ئۇ دېدى: «بىلمەيمەن، چۈنكى ھازىر كۈنۈم ياخشى، مال ـ بايلىقىم كۆپ. دوستىنىڭ كىملىكىنى ئېغىر كۈنلەردە بىلگىلى بولىدۇ، دۈشمەنىنىڭ بولسا غەملىك كۈنلەردە.» بېيت:

كۈلۈپ باقسا كىشىگە تەلىيى،
كەمىيىدۇ دۈشمەنلىرى ھەم.
ۋاپاسىزلىق قىلسا تەلىيى،
دۈشمەنلەرگە تولار ھەر قەدەم.

مۇئىنىددىن جۇۋەينىي

بەزى ھەكىملەرنىڭ ئېيتىشىچە، بىر دوست ئىككىنچى دوستىنىڭ بىرەر ئەيىبىنى بىلىپ قالسا، ئۇنى ھەرگىز باشقىلارغا

ئېيتمايدۇ. ئەمما، دوستىنىڭ بىر ياخشى خىسلىتى ۋە ھۈنىرى بارلىقىنى بىلسە، ئۇنى باشقىلارغا ئون قىلىپ كۆرسىتىدۇ. شېئىر:

بىر ھۈنىرىڭ بولسا ـ يۈ، يەتمىش ئەيىبىڭ،
دوست ئەيىبىڭنى كۆرمەس، كۆرۈر ھۈنىرىڭ!

ئەبۇلبەرەكات قادىرى

دوست ئۈچ گۇرۇھدۇر. دوست، دوستۇڭنىڭ دوستى، دۈشمىنىڭنىڭ دۈشمىنى. دۈشمەنمۇ ئۈچ تائىپىدۇر: «دۈشمەن، دوستۇڭنىڭ دۈشمىنى، دۈشمىنىڭنىڭ دوستى.» بېيت:

دۈشمىنىڭگە دۈشمەن بولىدۇ دوستۇڭ،
دۈشمىنىڭگە ئۇل ھەم بولىدۇ ئەغيار.
دۈشمىنىڭگە دوستلۇق ئەيلىسە دوستۇڭ،
دۈشمەندۇر ئۇ ئاكاڭ بولسا ھەم زىنھار.

مۇئىنددىن جۇۋەينى

دۇنيا ساپاسى بىلەن گۈزەل، دوست ۋاپاسى بىلەن. ئۆز دوستىنىڭ ئەيىبىنى ئېچىپ يۈرگەن كىشى رەزىل كىشى.



يامان ئادەمگە ھەمراھ بولغاندىن كۆرە ئوتتا كۆيگەن ياخشى.

«ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

ئەزىزىم، ئاچچىقى يامان كىشىلەر بىلەن دوست ۋە ھەمسۆھ-

www.uyghurkitap.com

بەت بولمىغىنىكى، ئۇلارنىڭ ئەھدى بوش، ۋاپا [illegible] ناسى زەئىپ بولىدۇ. ئۇلار مۇرۇۋۋەت يۈزىنى جاپا تىرنىقى بىلەن تىرقايدۇ، مەرت دانىلىك بۇلىقىنى نامەردلىك توپىرىقى بىلەن لايقىلايدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە دوستلۇقنىڭ ھۆرمىتى، كونا ئۇلپەتچىلىكنىڭ قەدىر ـ قىممىتى بولمايدۇ. بېيىت:

قىلما خىزمەت قەدرىن بىلمەس كىشىلەرنىڭ خىزمىتىدىن،
قىلماس ئۇلار ئەسلا سىنىڭ نەھۆرمەتۇ ئىززىتىڭ.

خوجا سەمەندەر تېرمىزىي

ئەھبابلار بىلەن ئۆزئارا شەپقەتتە بولماق ۋە دوستلار بىلەن ئۈيغۇنلۇق ھەم مادارا يولىنى تۇتماق ياخشىلىق كەلتۈرۈپ چىقار- غۇچى سەۋەبتۇر ۋە بۇنىڭ بىلەن دوستلار مۇھەببىتى كۈنسېرى زىيادە بولۇر. خۇسۇمەت غۇبارى دۈشمەنلەرنىڭ كۆڭۈل ئەينىكىدىن يوقىلۇر، غاپىل كىشى بىرەر دىلنى جاراھەتلىمەك ئۈچۈن قەست خەنجىرىنى كۆتۈرسە، ئامانلىق جىگىرى ئىنتىقامنىڭ تۈرلۈك ـ تۈمەن ئوقلىرىغا نىشان بولۇر. ھەرقانداق نائەھلى كىشى زىيان ۋە نۇقسان تىكىنىنى يالاڭ ئاياغ كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئاستىغا تاش- لىسا، ئىقبالىنىڭ تازا كۆرگۈسى كۈكۈم ـ تالقان بولۇر.

بەرخۇردار ئىبن مەھمۇد

ھېكمەت: دوستلىرىڭغا ھەرگىز ئازار بەرمە، دوست ـ يارەنلە-

رىڭنى سوۋغا ـ تارتۇقلاردىن مەھرۇم قىلما، دۈشمەنلەر بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا ئەقىل ـ ئىنساپ چېگراسىدىن چىقىپ كەتمە.
بېيىت:

دوستلارغا ياخشىلىق يولىنى ئۇنتۇما،
دۈشمەنلەرگە ئىنساپ كۆزى بىلەن قارا!

مۇئىنىددىن جۇۋەينى

—ھەي پەرزەنت، دۇنيادا ئەڭ يامان ئىللەت دوستلارغا ھىيلە ـ مىكىر قىلىشتۇر.

مۇھەممەد جەبەلرۇدى

ھېساب ۋە خىراجەت مۇئامىلە ئۈچۈن، ياردەم، ئىخلاس ۋە ئۆزرىخاھلىق دوستلۇق ـ مۇھەببەت ئۈچۈندۇر.

ھەر كىمگە تەنە تېشىنى ئاتما،
گەرچە ئۇ بولسىمۇ جاھىل ياكى شۇم.
ئەيىبسىز دوستلارنى تاپماق مۇئەمما،
ئېيتقىنا، خاتالاردىن كىم پاكۇ مەسۇم.
كىمكى دوستلىرىغا خۇش پېئىل بولمىسا،
دوستلۇق ئىززىتىدىن بولىدۇ مەھرۇم.

مۇئىنىددىن جۇۋەينى

بىر كەمبەغەل ئادەم بىلەن بىر باي كىشى دائىملىق ھەمـ سۆھبەت ئىدى. ئۇلار كۆپ ۋاقىتلىرىنى بىرگە ئۆتكۈزەر ئىدى. بىر ھەكىم كېتىۋېتىپ ئۇلارنى كۆرۈپ قالدى ۋە ئۇلاردىن: «سىلەر دوستمۇ؟» دەپ سورىدى. «ھە، شۇنداق!» دەپ جاۋاب بېرىشتى ئۇلار. ھەكىم: «يالغان ئېيتىۋاتىسىلەر، ئەگەر سىلەر دوست بولساڭلار، نېمىشقا بىرىڭلار باي، بىرىڭلار كەمبەغەل؟» دېدى.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، دوستلار بىر - بىرىدىن ھېچ نەرسىـ سىنى ئايىماسلىقلىرى، دوست كەمبەغەل - پەقىر بولسا، ئىلكىدە نېمىسى بولسا ئۇنىڭغا بېرىشى ۋە ياردەم قولىنى سوزۇشى كېرەك.

دوستلۇق يىپى ناھايىتى نازۇكتۇر. شۇڭلاشقا، ھەر ئىككى تەرەپ بۇ يىپنىڭ ئۈزۈلمەسلىكى ئۈچۈن قايغۇرمىقى كېرەك. بىر نامەقبۇل ئىش تۈپەيلى ئارىغا ئارازچىلىق چۈشسە، بۇ ئارازچىلىق ئۆلغىيىپ كېتىشتىن ئىلگىرى ئۆزرە سوراش يولىنى تۇتماق كېرەككى، ئۇ ھالدا ئىككى ئارىدىكى ئارازچىلىق تېزدىن كۆتۈرۈـ لۈپ كېتىدۇ. ئارازچىلىق ئۇزىراپ كەتسە، گەرچە ئۇ يەڭگىل بولـ سىمۇ مۇھەببەتنىڭ قايتا تىكلەنمىكى قىيىنلىشىدۇ، تىكلەنگەن تەقدىردىمۇ ئاۋۋالقىدەك بولمايدۇ. بېيت:

بىر خاتا يۈز بەرسە تېز تۈزەت ئۇنى،

بولمىسا ئۆزگىسى يۈز بىرۈر يەنە!

ئەبۇلبەرەكات قادىرىي

ئىككى دوست ئۆزئارا ئاچچىق ـ ئاچچىق سۆزلەرنى قىلىشىپ، بىر ـ بىرىگە تەنە تاشلىرىنى ئېتىشار ۋە ۋارقىرىشار ئىدى. شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ يېنىدىن ياشانغان بىر كىشى ئۆتۈپ قالدى ۋە دېدى: «گەرچە شائىر:»

دوستلار بىر ـ بىرىگە ناز قىلسا ئەرزىگەي، چۈنكى، ئېچىتىپ سۆزلەش —دوستلۇق زىننىتى، دېگەن بولسىمۇ، بۇ سۆزلەرگە ئەسلا ئىشەنمەڭ، ئالدىماڭكى، ئاچچىق سۆز ساراڭلىق بەلگىسى، ساراڭلىق بولسا خۇسۇمەت بەلگىسى، خۇسۇمەت بولسا ئاداۋەت تۇغدۇرغۇچىدۇر. دۈشمەنلىك يېمىشىنى بېرىدىغان دەرەخنى تىكىشتىن نېمە پايدا؟! شۇنداق ماقال باركى: تاپا ـ تەنە ئازاب ـ ئوقۇبەت بەلگىسىدۇر.» بېيىت:

يۈرىكىڭدە بولسا مۇھەببەت ئەگەر،
ئېچىتىپ سۆزلىمە كۆڭۈل بۇزۇلار.
كۆپ ھالدا باغلانغان دوستلۇقنىڭ يىپى،
تەنىدىن باشلىنىپ، سوڭرە ئۈزۈلەر.

مۇئىنىددىن جۇۋەينىي

دوستنىڭ جامالى دەردنى ئېرىتىدۇ.



دوستىنىڭ يامىنى شۇنداقكى، دوستىنىڭ قىلغان ياخشىلى-
قىنى ئۇنتۇيدۇ، يامانلىقنى ئېسىدىن چىقارمايدۇ.

«ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

ئۈچ نەرسە ئۈچ خىل كىشىدە بولمايدۇ: دوستلۇق لەقۋادا،
شەپقەت ئاچچىقى ياماندا، ھالاللىق ئاچ كۆزدە! بېيىت:

غەزەپنى ئۆچۈرمەك، گەپنى ئاز قىلماق—
ياخشى كىشىلەرنىڭ ئېزگۈ خىسلىتى.
نەپسىڭدىن ھەزەر قىل ئىمكان بارىچە،
ئاچ كۆزنىڭ دىلىدا بولماس ھىممىتى.

مۇئىنىددىن جۇۋەينىي

بىر ئاقىل يىگىت توغرىسىدا ھېكايە قىلىشىلىرىچە،
ئۇ دوستلىرى بىلەن ھەمىشە ئۇلپەت، ئۇلار بىلەن دائىما
ھەمدەم ـ ھەمسۆھبەت ئىكەن. يىگىت ئۆز دوستلىرىدىن مېھرى-
بانلىقنى ھېچقاچان ئايىمايدىكەن. تىلىدا بولسا مۇنۇ شېئىرنى
كۈيلىگىنى كۈيلىگەنىكەن:

بۇگۈن قولدا بار ئىكەن يىگىتلىكىنىڭ دەۋرانى،
غەيرەت قىل، ئاغرىمىسۇن سەندىن ھېچكىمنىڭ جانى.
ياخشىلىقنىڭ باھارى دائىم بىر خىل تۇرمايدۇ،

بىر كۈن نۇقسان يېتەركى پەيدا بولۇر خازانى.
يىگىتنىڭ گۈزەل خۇلقى تۆپەيلى ھەممە كىشى ئۇنىڭ ھۇ-
زۇرىدا بەندىلىك كەمىرىنى باغلاپ، خىزمىتىدە ھازىرۇ نازىر ئىكەن:
گۈزەل يۈزگە ئەگەرچەن چىرايلىق خۇلق بولسا يار،
نەگە قەدەم قويمىسۇن، خەلقتۇر ئاڭا تەلەپكار!

خۇررەمي

دوست شۇنداقكى، سۆھبىتىڭنى مالال كۆرمەيدۇ. يىراقتا يۈرسەڭ ئۇنتۇمايدۇ، بايلىقىڭدا ۋە كەمبەغەللىكىڭدە ئۆزگەرمەيدۇ. ھاجىتىڭ چۈشسە جان - جەھلى بىلەن ئورۇنداشقا كىرىشىدۇ، قىلغان ياخشىلىقىنى مىننەت قىلمايدۇ، بىرەر ھاجىتى بولسا سېنىڭدىن يوشۇرمايدۇ، ھال - ئەھۋالىنى سىر تۇتمايدۇ، ساڭا قانچە كۆپ ياخشىلىق قىلسا، ئۇنى شۇنچە ئاز دەپ ھېسابلايدۇ، سېنىڭدىن ئازراق ياخشىلىق كۆرسە ئۇنى كۆپ دەپ بىلىدۇ. ئۆزىنى ھەممە ئىشتا سېنىڭ بىلەن ھەمنەپەس ھېسابلايدۇ. بېيىت:
سودىگەر دىلىدىن مېھىر ئىزلىمە،
ھەركىم بىلەن قىلۇر ئالاقە ھەر ئان.
خۇش ئاۋاز قۇشنى كۆر ھەربىر لەھزىدە،
ئۆزگە گۈل ئالدىدا كۈيلەر بىئارمان.
مەرد بىلەن دوستلۇقنىڭ يىپىنى باغلا،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

نامەرد بىلەن دوستلۇق قىلما ھېچقاچان!

مۇئەممەددىن جۇۋەينى

تىنىمسىز زىيارەتتىن مالاللىق تۇغۇلىدۇ،
يولدىشىڭ ئىت بولسا كالتەكنى تاشلىما.
يولغا چىقىشتىن ئاۋۋال يولداش ئىزدە.
تۆگىقۇش بىلەن دوست بولغان كىشىنىڭ دەرۋازىسى كەڭ بولۇشى كېرەك.
دوستنىڭ كېلىشى تويىنىڭ كېلىشىگە ئوخشايدۇ.

«ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

ئۈچ تائىپە ئادەملەر باركى، ئۇلار بىلەن دوستلىشىشتىن ئېھتىيات قىلماق كېرەك. بىرىنچى خىلى، پىتنە ـ پاساتچى ئادەملەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھىممىتى بۇزۇق نەپسىنىڭ ئاستىدا پۇكۈلگەن بولىدۇ؛ ئىككىنچى خىلى، ئەخمەق كىشىلەر بولۇپ، باشقا چۈشكەن زەرەرنى قايتۇرۇشتا ۋە بىرەر پايدىغا ئېرىشىشتە ئۇلارغا ئىشەنمەسلىك لازىم. كۆپ ھاللاردا ئۇلارنىڭ كەلتۈرگەن نەپى زەرەر، خەيرلىك ئىشى بولسا ياۋۇزلۇقتىن بەتتەر بولۇپ چىقىدۇ؛ ئۈچىنچى خىلى يالغانچىلار بولۇپ، ئۇلار بىلەن بولغان سۆھبەت جانغا ئازاب، ئۆلپەتچىلىكى بولسا دىل ئۆيىنى خاراب قىلىدۇ، ئۇلار

ياتلارغا سىنىڭ توغراڭدا يامان گەپلەرنى تارقىتىشىدۇ، باشقىلار ھەققىدە ساڭا دەھشەتلىك خەۋەرلەرنى يەتكۈزۈشىدۇ. بېيىت:

ھەر كىشىدە مول ـ كول بولسا ھەر خىل دوست،
ھەممىسىگە ئىشەنمەك ئېرۇر زور خاتا.
ياغاچ، ئوت ـ چۆپ بىر جىنستىن بولسىمۇ گەرچە،
ئۇد ـ سەندەل بولمىغاي تال ياغىچى ئەسلا!

مۇئىنىددىن جۇۋەينىي

ماختاش ئىنسانىيەت قەلبىنى ئىللىتىشكە قارىتىلغان سۆز، ئۇ خۇددى قۇياش نۇرىغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭسىز بىز ئۆسۈپ يېتىلىپ مېۋە بېرەلمەيمىز، ۋەھالەنكى، بىزنىڭ كۆپچىلىكىمىز باشقىلارنىڭ سوغۇق گەپ ـ سۆزلىرىدىن ئۆزىمىزنى قاچۇرىمىز، لېكىن ماختاشتىن ئىبارەت ئىللىق قۇياش نۇرىنى باشقىلارغا بەخش ئېتىشتىن باش تارتىمىز.

دالى كارنېگ: «گۈزەل ھايات» تىن



ئەڭ كىچىك ئىلگىرىلەش بولسىمۇ ئۇنى ماختاڭ، يەنە كېلىپ ھەر قېتىملىق ئىلگىرىلەشنى ماختاڭ. سەمىمىيلىك بىلەن ئېتىراپ قىلىڭ، مەردلەرچە مەدھىيلەڭ.

دالى كارنېگ: «گۈزەل ھايات» تىن

www.uyghurkitap.com

قابىلىيەت تەنقىد ئاستىدا قورۇنۇپ قالىدۇ، رىغبەتلەندۈرۈش ئارقىلىق ئېچىلىدۇ.

دالى كارنېگ: «گۈزەل ھايات» تىن

ئەگەر سەن كىشىنى ھۆرمەتلىسەڭ، ئۇنى ئۆزۈڭگە ئاسان ماـ يىل قىلالايسەن، بولۇپمۇ سېنىڭ ئۇنى ھۆرمەتلىشىڭ ئۇنىڭ مەلۇم ئىقتىدارغا ئىگە بولغانلىقىدىن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگىنىڭدە شۇنداق بولىدۇ.

دالى كارنېگ: «گۈزەل ھايات» تىن

سىز پەرزەنتلىرىڭىز، ھەمراھلىرىڭىز ياكى خىزمەتكارلىرىـ ڭىزدىن بىرەرىنى مەلۇم ئىش توغرىسىدا دۆتلۈك قىلدىڭ، ئىنساپ يوق ئىكەن، دەپ ئەيىبلىسىڭىز، سىز خاتالاشقان بولىسىز. بۇ گېپىڭىز ئۇنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش روھىنى نابۇت قىلىدۇ. لېكىن، ئەگەر سىز ئۇنىڭ ئەكسىچە ئۇسۇل قوللىنىپ، سېخىيلىق بىلەن ئۇنى ئىلھاملاندۇرۇپ، ئىشنى ئوڭاي ھەل قىلغۇچى بولىدىغانلىـ قىنى، ئۆزىڭىزنى ئۇنىڭ ئۇ ئىشنى قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدىغانلىقىڭىزنى، ئۇنىڭ ئىقتىدارىنىڭ تېخى جارى قىلدۇرۇلمىغانلىقىنى ئۇنىڭغا بىلدۈرسىڭىز، ئۇ شۇ ئىشنى

ياخشى قىلىش ئۈچۈن تاڭ ئاتقۇچە مەشىق قىلىپ چىقىدۇ.

دالى كارنېگ: «گۈزەل ھايات» تىن

ئەگەر سىز باشقىلارنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ياردەم بەرمەكچى بولسىڭىز، كىشىلەرگە ئىلھام بېرىپ، ئۇلارغا سەۋەنلىكلىرىنى تۈزىتىشنىڭ ناھايىتى ئاسان ئىكەنلىكىنى تونۇتۇڭ.

دالى كارنېگ: «گۈزەل ھايات» تىن

كىشىلەرنى ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ئىقتىدارىنى چېكىگە يەتكۈچە تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى — ماختاش ۋە ئىلھاملاندۇرۇشتىن ئىبارەت.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

ئەگەر مەن نېمىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ئېيتسام، ئۇ ئۆزگىنى سەمىمىي ـ ساداقەت ۋە مەردلىك بىلەن ماختاشتىن ئىبارەت.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن



بىز ئۇچراشقانلارنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىنى، ئۇلار ماختاشقا تەشنا ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك. كىشىلەرگە خۇشاللىق كەلتۈرۈش قانۇنلۇق ۋە يوللۇقتۇر.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

ئادەم بىرلا قېتىم ياشايدۇ، شۇڭا ھەرقانداق ياخشىلىق ۋە سالاھىيەتنى ئاۋۋال ئىشنى ھازىرلا قىلىش، ئۇنى كېچىكتۈرمە ۋە سۇسلۇق قىلما، چۈنكى سەن مۇشۇ بىر قېتىملا ياشايسەن.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

مەن ئۇچراشقان ھەربىر ئادەم، ئازدۇر - كۆپتۇر ماڭا ئۇستاز-دۇر، چۈنكى مەن ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن بەزى نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالغان.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

ئاپتور باشقىلارغا كۆيۈنمەيدىغان كىشى بولسا، ئۇنداقتا باش-قىلارمۇ مۇقەررەر ھالدا ئۇنىڭ ھېكايىسىگە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن



كىشىلەرگە ھەقىقىي كۆيۈنسىڭىز، ئۇلارمۇ سىزگە كۆيۈنۈپ سىزگە ھەمدەم بولىدۇ. ھەتتا بەك ئالدىراش كاتتا ئەربابلارمۇ بۇ-نىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

باشقىلار سىزگە كۆڭۈل بۆلسە، سىزمۇ ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلىمىز.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

كىشىلەرگە كۆيۈنۈش خۇددى كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ قائىدىلىرىدە دېيىلگىنىدەك سەممىي بولۇشتا ئىپادىلىنىدۇ. كىشىلەرگە كۆيۈنىدىغان كىشىلەر شۇنداق قىلىپلا قالماستىن، باشقىلارنىڭ كۆيۈنۈشىگە مۇيەسسەر بولغۇچىلارمۇ مۇشۇنداق قىلىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئىككىلا تەرەپ ياخشىلىق كۆرىدۇ.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

ئەگەر باشقىلارنىڭ ياقتۇرۇشىغا مۇيەسسەر بولاي ياكى كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنى ياخشىلاي دېسىڭىز، ئۆزىڭىز ياردەمگە ئېرىشمەكچى ۋە باشقىلارغا ياردەم بەرمەكچى بولسىڭىز مۇنۇ پرىنسىپنى ئېسىڭىزدە ساقلاڭ: باشقىلارغا سەممىي كۆيۈنۈڭ!



دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

مۇكەممەل بولغان سۆيگۈ قورقۇنچنى يىقىن يولاتمايدۇ.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

باراۋەرلىك ئىنسانىيەتنىڭ تۇغما ئىقتىدارى.
باراۋەرلىك ئىنسانىيەت ئىززىتى ۋە ئىپتىخارىنىڭ جەۋھىرى.
باراۋەرلىك تۇيغۇسى ئادالەت ۋە يۈكسىلىشنىڭ مەشئىلى.
ئىنسانىيەت ھاياتىدىكى خۇنۇكلۇكلەر باراۋەرسىزلىكتە.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دىن

ئۆز ھەمراھىغا گۇماندا بولۇش، ئۆز ھەمراھىغا ھاكىملىق قىلىش ئىنسانىيەت ھاياتىدىكى تۇنجى ماجىرا، دەسلەپكى گۇناھ بولدى. ئادەم بىلەن ھاۋانىڭ ئەقىل مېۋىسىنى ئوغرىلىقچە يېيىشى بۇنىڭغا نىسبەتەن مەدھىيىلىنەرلىك جاسارەت ئىدى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دىن

بىرلىك ـ ھەمدەملىك مىللەتنىڭ ھاياتلىق ئالامىتىدىن ئىبارەت. جانلىق تەبىئەت شۇنى كۆرسەتتىكى، غەيرىي ئاڭ ئىلكىدىكى ئىنستىنكىتلىق تۈركۈم تۈزۈلمىسى بىر قەدەر يۇقىرى دەرىجىدە تۇرىدىغان ھايۋانلار ھاياتىدىمۇ مۇھىم ھادىسە ھېسابلىنىدىكەن، شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۆز تۈركۈمىدىن ئايرىلىش — ھالاكەت!

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش — مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى» دىن

مىللەتنى تىل، تېررىتورىيە، ئىقتىسادىي ئېتنىك تۇرمۇش ۋە

روھىي بىرلىك ئامىللىرى بىر گەۋدە قىلىپ تۇرىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش — مىللەتنى گۈللەندۇرۇشنىڭ مۇقەددىمىسى» دىن

قانچە ـ قانچە نادىر چېچەكلەرنى قارىلىغان، قانچە ـ قانچە سەرخىل ئۇنچىلەرنى چەيلەپ دەپسەندە قىلغان، دىلى يۇرتۋازلىق زەھىرى، تىلى يۇرتۋازلىق نەشتىرى، قەلىمى يۇرتۋازلىق خەنجىرى بىلەن گۇناھ قىلغانلار ئانا مىللەت، ئانا ۋەتەنگە قانداق تىكىلىپ قارىيالىسۇن؟! يۇرتۋازلارغا يۇرت بېرىشنىڭ ئۆزى بىزدىكى نادانلىق ئەمەسمۇ؟! ئۆزلىرىچە، مىللەتنى يۇرتلارغا پارچىلاپ، «ياقا يۇرت» نىڭ مېۋىسىنى تېتىپ، «ياقا يۇرت» نىڭ ئىغۋاسىنى سېتىپ قىلغان تېتىقسىزلىقلارنى قايتا ئويلىنىدىغان، ئۇنىڭغا بەرھەم بېرىدىغان ئاڭ قاچان ئۆزىنىڭ بىرلىك ـ ھەمدەملىك نۇرىنى جىلۋىلەندۇرەر؟!

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش — مىللەتنى گۈللەندۇرۇشنىڭ مۇقەددىمىسى» دىن



يۇرتۋازلىقنى ئۆزىنى گەۋدىلەندۇرۇش قورالى قىلىش، ئۆزىنى مۇھاپىزەت قىلىش قورالى قىلىش، گۇرۇھ توپلاش قورالى قىلىش ماھىيەتتە ئۆز يۇرتىنى دەپسەندە قىلىپ، ئۆز يۇرتداشلىرىنى ئال- داپ، ئۇلارنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىنى ھاقارەتلىگەنلىكتىن باشقا نەر-

سە ئەمەس.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش — مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى» دىن

يۇرتۋازلىق يۇرتتىن ئايرىلغىنىدا، يۇرت گۈللىمەيدۇ. دۇنيا يۈزلىنىۋاتقان ئۇچۇر دەۋرىدە يۇرتۋازلىق مىللەتنى ھالاكەت گىر- دابىغا ئېلىپ بارىدىغان بىرلەشمە كېسەل، خالاس.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش - مىللەتنى گۈل- لەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى» دىن

ھازىرقى تۈپ مەنىۋى پاجىئە، باشقىچە ئېيتقاندا، ھازىرقى سەلبىي ئەخلاقىي روھىيەت سىيماسىنىڭ مەركىزىي ئوقى ئەنە شۇ بىر پۈتۈن ئېتنىك روھنىڭ پارچىلىنىپ، تۆرىدىن چۈرگىچە يۇرت پسىخىكىسىنىڭ ئەسىرىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىدىن ئىبا- رەت! بۇ، ئاددىي تىلدا يۇرتۋازلىق دەپ ئاتىلىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئۇللەت» تىن

يۇرت —كىشى قەلبىدە مىللەت ۋە دۆلەت ئېڭىدىن مۇقەددەم يىلتىز تارتقان روھىي تىرەك ۋە ئىپتىخار. بۇنى چۈشىنىشكە، ھۆرمەتلەشكە ئەرزىيدۇ. ئەمما بۇ ئورخۇن - سېلېنگا ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدەك قاغان چىقىدىغان قەبىلە (ياغلىقار)، ۋەزىر

چىقىدىغان قەبىلە (ئېدىز)، ئىچكى ـ تاشقى قەبىلىلەرگە ئايرىلىپ كەتمەسلىكى، ھەرگىزمۇ يۇرت شەكلىنى ئالغان جامائەت پىكرى، روھىي ئالاقە ۋە سىياسىي تۇركۇمگە ئايلىنىپ قالماسلىقى لازىم!

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت» تىن

تىنچ كۇنلەردىكى قەست كۆنەملىك بىر خىل ئۆلچەم، بىر خىل قاراشنى ئەمەس بەلكى ئىككى يۇزلىمىلىك، ئالدىدا بىر خىل، كەينىدە بىر خىللىق، ئىككى خىل ساختا تەسىرات پەيدا قىلىپ ھەر ئىككى تەرەپتە يېتىم قالدۇرۇشنى، ۋاستە قىلىدۇ. يېڭى ئادەملەر تۇرمۇش ئالاقىلىرىغا كىرىپ كېلىدۇ، ئۇلار مۇرەككەپلىكتىن خالىي ئەمەس؛

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئەزگۈ مالائىكە» دىن

پەقەت ئىچكى ئىتتىپاقلىقنىڭ قەدرىگە يەتكەن، ئىچكى ئىتتىپاقلىقنى ئەمەلدە جارى قىلغان مىللەتلەر ئاندىن مىللەتلەر ئارىسىدىكى قېرىنداشلارچە ئىتتىپاقلىقتا، ھەرقايسى مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق گۇللەپ ياشىنىشىغا ھەقىقىي تۆھپە قوشالايدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئالۋاستى ۋە ئۇنىڭ يېڭى قىياپىتى»دىن

ئىتتىپاقلىق —ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئۇلى، ئىچكى

ئىتتىپاقلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئالدىنقى شەرتى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئالۋاستى ۋە ئۇنىڭ يىڭى قىياپىتى»دىن

ھەركىم ۋاپا قىلسا ۋاپا تاپىدۇ، جاپا قىلسا جاپا تاپىدۇ. ياخشى كىشى ياخشىلىقى بىلەن ھەرگىز يامانلىق كۆرمەيدۇ، ھەركىم يامان بولسا، يامانلىقى بىلەن جاپا تاپىدۇ.

مۇھەممەد بابۇر

ۋاپا — مەردانىلەر ۋە ساھىب كامال (كامالەت) ئىگىلىرىنىڭ ئىشىدۇر، ئەھدە گېپىدە تۇرىدىغان ۋىجدانلىق كىشىلەرنىڭ ھۈنىرىدۇر، ئەگەر ئەھدىنىڭ رۇخسارى ۋاپا خالى بىلەن زىننەتلەنسە، ھەرقانداق كۆڭۈلنىڭ قۇشى ئۇنىڭ دامىغا چۈشمەي مۇمكىن ئەمەس.

موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

ئەگەر بارلىق خەلقلەر بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆزئارا ياردەملىشىشنى يولغا قويسا، پۈتۈن زېمىندا پەزىلەت تىكلىنىدۇ.

ئەبۇ نەسر فارابى



سېنىڭ ئالدىڭدا باشقىلار ئۈستىدىن غەيۋەت قىلغان كىشىگە ئىشەنمە. چۈنكى، ئۇ باشقىلار ئالدىدا سېنىڭ ئۈستۈڭدىنمۇ غەيۋەت

قىلغۇچىدۇر.

ئەبۇ نەسر فارابى

كۆزدىن يىراقلاشسا، كۆڭۈلدىنمۇ يىراقلىشىدۇ.

مەھمۇد قەشقەرى

ۋاپا تەڭدىشى يوق يېگانە گۆھەردۇر، بۇ تەڭداشسىز گۆھەر يوقلۇق دېڭىزىدا يوشۇرۇن، تېپىلماسلىق گىردابىدا پىنھاندۇر، مەلۇم ئاتالغۇ سۈپىتىدە ئۇنىڭ ئىسمى ئېنىق بولسىمۇ، لېكىن جىسمى نامەلۇمدۇر. ۋاپا شۇنداق بىر جەۋھەركى، ئۇ كامالەت يۈك-سەكلىكىگە چىقىشنىڭ سەۋەبچىسى، ئۇلۇغلۇق مەرتىۋىسىگە ئۆرلەشنىڭ ئامىلىدۇر.

ئېمىر ھۈسەيىن سەبۇرى

ۋاپا قىل، يىگىتلىك بوستانى ھەمىشە مۇنداق گۈزەل ۋە كۆ-ڭۈللۈك بولۇۋەرمەيدۇ.

ئاتايى



مېھىر - ۋاپاسى يوق كىشى ئەگەر قۇياش بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭدىن نېمە پايدا؟

لۇتفى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

جاپا جۈپ كېلىدۇ، ۋاپا يالغۇز.

ئەھمەت خوجامنىياز ئوغلى قىسورى

«ۋاپا» ناملىق گۈزەلنىڭ ۋىسالىغا ئېرىشىش كىمگە نېسىپ بولسا، بۇ ئاشۇ كىشىنىڭ غەلىبىگە ئېرىشكىنىدۇر. مۇنداق ۋاپادار گۆھەرنىڭ ئاياغ ئاستىدىكى تۇپرىقىدىن ئۈمىد كۆزى يورۇيدۇ، ئۇنىڭ ئاۋازىدىن مۇددىئاسىغا يېتەلمىگەن يوقسۇلنىڭ قۇلىقىغا خۇش خەۋەر يېتىدۇ.

ئېمىر ھۈسەيىن سەبۇرى

جاپا ۋاپا قۇلۇپىنىڭ ئاچقۇچىدۇر.

موللا ئەلەم شەھيار

مۇھەببەتلىك دوستلارنى ياد ئېتىپ خەت ئەۋەتمەسلىك ۋاپا يولىنى قارا قىلىشتۇر.

ھۈسەينخان تەجەللى

رەھمەت بىلەن جاپا بارچە ئەخلاقىنىڭ بېشىدۇر، پۇلنى دەپ قېرىنداشقا جاپا قىلغۇچى بولما.

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

ساداقەتمەن ئاشىق پەرىلەر ھۆسنىگە قىيامۇ باقمايدۇ.

مۇھەممەد ئىمىن خىرقىتى (گۇمنام)

جاھان كىشىلىرىدىن مېھىر - ۋاپا يوسۇنلىرىنى ئۆمىد قىلماق خۇددى مۇھەببەت زەھىرىدىن ھاياتىم مۇستەھكەم بولسۇن دېگەنلىكتۇر.

ئېمىر ھۇسەيىن سەبۇرى

بىز شەخسنىڭ ئاجىزلىقىنى بىلىمىز، بىر كوللېكتىپنىڭ كۈچ ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىمىز.

گالسۋورتى

كۈچلۈك ھەمكارلىشىش روھىغا ئىگە كىشىلەرلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ ھەم مەدەنىيەت بەرپا قىلالايدۇ.

تاگور

بىردەك ئىتتىپاقلاشقاندىلا، ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋە ئۇرۇشنى ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتۇرگىلى بولىدۇ، بولمىسا ئىش ئاقمايدۇ.

دېموكرىت



مەرۋايىتتەك بىر تامچە سۇ گۈزەل بولسىمۇ، قۇياشنىڭ تەپتىگە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، بىر ئادەمنىڭ كۈچى ھەرقانچە زور بولسىمۇ، چوڭ ئىشلارنى تەۋرىتەلمەيدۇ.

ۋېيجۇڭ

بىرلىكنىڭ قۇدرىتى زور، ئىختىلاپ مەغلۇبىيەتكە يېقىن.

ئېزوپ

ئىنسانلار ئاخىر بايقايدۇكى، بىردەك ئىتتىپاقلىق ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجىنى تېخىمۇ ئاسان قانائەتلەندۇرىدۇ، ئۇلارنى قورشاپ تۇرغان خەتەردىن تېخىمۇ ئاسان قۇتۇلدۇرىدۇ.

سپىنوزا

يامانلار تويلاشقاندا، ئاق كۆڭۈل كىشىلەر چوقۇم ئىتتىپاقلىشىشى كېرەك.

بۇركې

تۇرلەر ئۆزئارا رىقابەتنى ئاساس قىلىدۇ، ئىنسانلار ئۆزئارا ياردەمنى ئاساس قىلىدۇ.

سۇن جۇڭشەن

ئۆزئارا ياردەمنى قەدىرلەش كېرەك، بۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان نەرسە.

گوركىي

قانداشلىق باغلىنىشى ئەمەس، بەلكى ھېسسىيات ۋە روھىي

جەھەتتىكى باغلىنىشلا ئادەمنى باشقىلارغا ياردەم قىلىشقا ئۈندەيدۇ.

چايكوۋسكىي

قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان ياكى ئۈمىد ئۈزۈلۈش ئالدىدا تۇر-
غاندا، ئەڭ يۈرەكلىك قىلىنغان ياردەم ئەڭ بىخەتەر بولىدۇ.

لۇۋى

سەن دوستۇڭغا بىرەر ياردەم قىلالىغىنىڭدىلا، سېنىڭ روھىي
دۇنيايىڭ ئاندىن بېيىيدۇ

سۇخوملىنسكىي

سەن باشقىلارنى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرساڭ، باشقىلار-
نىڭمۇ ياردىمىگە ئېرىشەلەيسەن.

سەئدى



ئادەم بەزىدە ئۆزىدىن ئاجىز ئادەمنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولۇپ
قالىدۇ.

لافونتائىن

ۋاقتىدا قىلىنغان كىچىككىنە ياخشىلىقمۇ ياخشىلىققا

ئېرىشكۈچى ئۈچۈن زور قىممەتكە ئىگە بولىدۇ.

دېموكرىت

مېھىر ـ ئېرىشىش تۇرمۇشنىڭ پۈتۈن سەنئىتى، مېھىر ـ شەپقەتتى يوق ئادەمنىڭ ئىستىقبالى بولمايدۇ.

بېرنارد شاۋ

باشقىلارنىڭ ساڭا قىلغان ئەسكىلىكىنى توپا ئۈستىگە خاتىرىلەپ قوي، قىلغان ياخشىلىقىنى مەرمەر تاشقا ئويۇپ قوي.

فرانكلىن

پۇلغا سېتىۋالمىغان مېھىر ـ شەپقەتلا مىننەتدارلىق بىلدۇرۇشكە ئەرزىيدۇ.

ئوۋىد

ياخشىلىققا ياخشىلىق قىلىش ئادەمگەرچىلىكنىڭ ئەزەلدىن بار خۇسۇسىيىتى. باشقىلارنىڭ ياخشىلىقىنى قايتۇرۇپلا قالماي، ئۆزۈڭمۇ باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭ كېرەك.

ئارىستوتېل

يامانلىققا يامانلىق، ياخشىلىققا ياخشىلىق قىلىش بار تاۋى-

قىم، يان تاۋۇقىم دېگەن گەپتۇر.

پېترونىئۇس

بەزى نەرسىلەرگە ئوخشاش، ياخشىلىقنى قايتۇرۇش خىسلىتىنى سېتىۋالغىلى بولمايدۇ.

خالىفاكس

ئىنسانلارنىڭ چىن قەلبىدىن چىققان مىننەتدارلىقتىن پەيدا بولغان ياخشىلىقنى قايتۇرۇش ئىستىكى يەر شارىدىكى ئەڭ گۈزەل نەرسىدۇر.

مۇسياكوزى سانېئاپو

قىلغان ياخشىلىقنى قايتۇرۇش تەربىيە كۆرگەنلىكنىڭ ئالامىتىدۇر. قوپال ئادەملەر ئارىسىدىن مۇنداق گۈزەل ئەخلاقنى تاپالمايسەن.

جونسون



باشقىلار تەرپىدىن تاللىنىشتىن باشقىلارنى تاللىغان ئەلا. باشقىلارغا مىننەتدارلىق بىلدۈرگەندىن باشقىلارنىڭ مىننەتدارلىقىغا ئېرىشكەن ئەلا.

جانې ئاۋستېن

باشقىلارنىڭ ياخشىلىق قەرزىنى قايتۇرغان ئادەم، بۇنىڭلىق بىلەن باشقىلارنىڭ مىننەتدارلىقىغا ئېرىشىشىم كېرەك دەپ قا-رىماسلىقى كېرەك.

لاروشفېك

ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان ئادەملەرگە ياخشىلىق قىلىشىنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوق، بىلگۈچىلىكى يوق ئادەمگە ئەدەپلىك بو-لۇش ئارتۇقچە ئاۋارىچىلىق.

«خەمسەنامە»

ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان ئادەم يەر شارىدىكى ئەڭ ناچار ھايۋان.

ئوسسونئۇس

ۋاپاغا جاپا قىلغۇچىلارغا ياخشىلىق قىلىش چوڭ بەختسىز-لىك ئەمەس، ئەڭ چىدىغۇسىز بەختسىزلىك دۇرۇس بولمىغان ئا-دەملەرنىڭ ياخشىلىقىغا ئېرىشىپ قېلىشتۇر.

لاروشفېك

ئايرىلغاننى ئېيىق يەر،
بۆلۈنگەننى بۆرە (يەر).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئاتامدا بولغۇچە ئالقىنىمدا بولسىچۇ،
ئالقىنىمدا بولغۇچە ئاغزىمدا بولسىچۇ.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئاققان دەريا دېڭىزغا قويۇلار.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئايرىلغاننى قار باسار،
بۆلۈنگەننى بوران (باسار).
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئايغىر ئۇيۇرىنى تاشلىماس.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئات بىلەن تېپىشكەن تايىنىڭ تۇيىقى سۇنار.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن



ئاخىرەت ئىززىتى كېرەك بولسا، ئەل بىلەن كېڭەش قىل.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئايرىلغاننىڭ ئەيىبى بار،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بىرلەشكەننىڭ كۈچى (بار).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئارىنى بۆلگەن يالغۇز قالار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئاتاڭنى ئۆلتۈرگەنگە ئاناڭنى بەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئادەم كۆپ بىلەن ياشار،
مال چۆپ بىلەن (ياشار).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئاتنى ئات ساقلار،
ئاچنى ئاچ (ساقلار).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئايرىلغان غاز توپ قاغىغا يەم بولار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئاچ قالساڭ قال، كۆپتىن قالما.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئەل قۇدرىتى ئەلچە بار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئاۋارە بولدى يەككە،

ئەلدىن ئايرىلىپ قالدى دەردكە.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئالدى ئات كۆچسە، ئىچ ئات كۆچمەس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئادەمگە ئادەم كېرەك.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئاق قۇ يالغۇز ياشىماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن



ئازنىڭ ئەزانچىسى بولغۇچە،

كۆپنىڭ قازانچىسى بول.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئالتۇن بولسىمۇ مونچاقتا ئېھتىياج چۈشەر.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئادەمگە يېگانىلىك ياراشماس.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئەلدىن قالغان ئەر ئەمەس.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئەرنىڭ ياخشىسى ئەل بىلەن كېڭەشەر،
خوتۇننىڭ ياخشىسى ئەر بىلەن (كېڭەشەر).
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئەل بىلەن ئارىلاشمىغان ئادەم ھايۋان بولۇر.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئەل غېمىدىن ئەر قاچسا،
ئەر غېمىدىن ئەل قاچار.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئەل قاقشىسا سېنىڭدىن،

ئايرىلسەن جېنىڭدىن.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئەلدىن ئايرىلغان دوزاخ تۈۋىدە.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئەقىللىق ئەلدىن ئايرىلماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئەلگە قوشۇلغان ماي يۇتار،
ئەلدىن ئايرىلغان قان (يۇتار).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئەل يىغىلسا لەشكەر بولۇر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن



ئەل بالىسى — خان بالىسى.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئەلگە ياققان ئەرگە ياقار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەل ئۆم بولسا ئايماق بولۇر،
سېپىر سېمىز بولسا قايماق (بولۇر).
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئەلنى كېلىشتۈرگۈچى، چاپانغا تۈگمە قادىغۇچى.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئەلگە تېرىساڭ ئەللىك چىقىپتۇ،
يەككە تېرىساڭ يەللىك (چىقىپتۇ).
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئەر بەرگەندە دوستۇڭ بولسۇن،
يەر بەرگەندە قوشۇڭ (بولسۇن).
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئەلنىڭ ئەقلى شەكسىز،
كۆچى چەكسىز.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئەل ئىشىغا ئېرىنمە،

مىننەت قىلىپ كېرىلمە.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئەل بىرلىكى سائادەت.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئەلنىڭ ئىشى ئەرنىڭ بوينىدا،
ئەرنىڭ ئىشى ئەلنىڭ قوينىدا.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئەل چۇشكۈرسە بوران چىقار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئەلگە ياققان خار ئەمەس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن



ئەلگە قوشۇلغان ھۆر ئۆتەر،
ئەلدىن ئايرىلغاننى يەر يۇتار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بار قىلسىمۇ ئەل قىلار،

يوق قىلىسىمۇ ئەل قىلار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

باتۇر ئەلدىن ئايرىلماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

باش يېرىلسا بۆك ئىچىدە،
قول سۇنسا يەڭ (ئىچىدە).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بايتالنىڭ يامىنى ئىككى ئايغىرنى تېپىشتۇرار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بايتال تارتسا ئايغىر تارتماس،
ئايغىر تارتسا بايتال (تارتماس).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن



بەش بارماق بىرىكمىسە ئورغاقنى تۇتقىلى بولماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بۇلبۇل گۈللۈكتە ياشنار،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

ئەل ئۆملۆكتە (ياشنار).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بۆرە يىغلىسا ماڭ بولماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بۆرە بۆرىنى يېمەس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بىر يەڭدىن قول چىقارسا، تاغنىمۇ يۆتكىگىلى بولار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بىر ئىت قاۋىسا ھەممە ئىت تەڭ قاۋار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بىر قولدىن چاۋاك چىقماس،
يۇختا ئىشتىن كاۋاك (چىقماس).



«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بىر قاشاغا ئۇچ تىرەك،
بىر ئەزىمەتكە ئۇچ يۆلەك.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بىرى ئىشلەر، ئۈنى چىشلەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بىرى ياققان ئوت مىڭ كىشىنى ئىسسىتار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بىرى چوقۇسا، بىرى نوقۇر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بىرنىڭ كاساپىتى مىڭغا (تېگەر).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بىرلىك بار يەردە بەرىكەت كۆپ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بىر ياقىدىن باش چىقار،
بىر يەڭدىن قول (چىقار).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بىردىن ئىككى ياخشى،



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئىككىدىن ئۈچ (ياخشى).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بىر تال تۇۋرۇك ئۆگزىنى كۆتۈرەلمەس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بىرلەشكەن ئەل — ئوقچۇپ كەلگەن سەل.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بىرلەشكەن دەريا بولۇر،
بىرلەشمىگەن تېرىق (بولۇر).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بىرلىكسىز كۈچ بولماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بىر قول — بىر قول،
ئىككى قول — ئىككى (قول).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن



چاندىر تارتمىنىڭ پاتمىنىنى ئات بىلەر،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىنىڭ ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئەر يىگىتنىڭ قەدرىنى يۇرت (بىلەر).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

چوڭ ئېرىقتا سۇ كەلسە، كىچىك ئېرىق قۇرۇماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

چۇمۇلە بىرلەشسە، شىرنىڭ تېرىسىنى شىلىۋالار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

چۇجىسى جىق مېكىيان خورازدىن قورقماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

چىش تىلنى چىشلىسىمۇ تىلدىن ئايرىلالماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

چېكىشمىگۈچە بېكىشمەس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

چىت بۇزۇلسا ئىت كىرەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

دوستۇڭ ئۇچۇن قان يۇت.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

دوستى كۆپنى ياۋا يېڭەلمەس،
ئەقلى كۆپنى داۋا (يېڭەلمەس).
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

دۆۋە دۆۋىگە قوشۇلار.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

دىل ئازاردىن خۇدا بىزار.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

دىلى بىرنىڭ ئىشى بىر.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

دىلى بىرنىڭ مۇڭى بىر.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

دىلى بىرنىڭ تىلى بىر،
پىتنىخورنىڭ كۆڭلى كىر.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

روناق تاپىدىغان ئەل بىر ـ بىرىنى باتۇرۇم، دەر.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرگە ئادرىسى

ساداقەتتىن ئىناقلىق كېلەر،
ساختىلىقتىن يىراقلىق (كېلەر).
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ساقلىق جان راھىتى،
ئىناقلىق كۆڭۈل (راھىتى).
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ساياق يۈرگەن تاياق يەر.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

سەنلىسە سىزلە،
تاشلىسا ئىزدە.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

سەپسىز كەلگەن سىيرىلەر،
سەپلىك كەلگەن كىرىلەر.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

سوغا قانمىسا چۆل غېرىب،

غاز ـ ئۆردەك قونمىسا كۆل (غېرىب).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

سۇنىڭ ئېقىشىغا قارا،

ئەلنىڭ بېقىشىغا (قارا).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

سۇرەن چىقسا تۇغقان تەۋرەر،

يىغا چىقسا ئەل (تەۋرەر).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

سىقىمداپ ئۇن يىغساڭ بارچىغا يېتەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

شاپتۇل يېسەڭ سويۇپ يە، كېسەل بولمايسەن،

سەپتە ماڭساڭ تۇزۇك ماڭ، كېيىن قالمايسەن.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن



شامال يالغۇز دەرەخكە تېگەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

شورتاڭ يەردىن ئاشلىق چىقماس،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

يىتتىنە كۆپ يەردىن باشلىق (چىقماس).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

غاز سۇدا باتۇر،

ئەر ئەلدە (باتۇر).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

غېمى بىرنىڭ جېنى بىر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

قارلىغاچ بالىسىنى يىغىپ ئۇچۇرار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

قاراقچى تويتىن ئايرىلغاننى سانجۇر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

قاياشنىڭ ئەل بولسا، قارا يەردە كېمەڭ قاتنار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

قولى سۇنۇقنىڭ دەردىگە قولى سۇنۇق يېتەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

قول تۇتۇشقان ئاجىز ئەمەس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

قۇش ئۇيۇشسا زىيان يېتەر،

ئادەم ئۇيۇشسا زىيان يەتمەس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

قۇم يىغىلسا تاش بولۇر،

قۇل يىغىلسا باش (بولۇر).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

قوناقسىز ئات قىر ئاشالماس،

سەپسىز پالۋان سەپ يارالماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن



قوغۇننىڭ ئىچىدىن ئاردىغىنى يامان.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

قۇم تەۋرىسە يەرگە پاتار،

دۈم تەۋرىسە نەگە (ياتار).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

قۇم يىغىلسا تاغ بولۇر،
ئەل يىغىلسا باغ (بولۇر).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

قوغۇن ئىچىدىن سېسىيدۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

قوتاندىن قاڭقىغان قوي بۆرىگە ئۇچرار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

قىرىق كىشى بىر ياق،
قىڭغىر كىشى بىر ياق.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

قارلىغاچ بالىسىغا يەم بېرەر،
قېرىنداش قېرىنداشقا جان (بېرەر).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

قېرىنداش يىقىلسا يۆلىگىن،



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىششىق ئادرېسى

ئۆتنە ئالغاننى تۆلىگەن.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

قىتىغۇرنىڭ يېنىدا ئادەم تۇرماس،

سۇزۇك سۇدا بېلىق (تۇرماس).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كەڭ بولساڭ كەم بولمايسەن.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كۆپنىڭ غەيرىتى تاغنى قۇم قىلار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كۆپ تۇكۇرسە كۆل تولار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن



كۆپنىڭ ئەقلى كۆپ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كۆپنى سۆككەن كۆكەرمەس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كۆپىنىڭ رىزقىغا قول سوزغان ئۆز رىزقىدىن ئايرىلار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كۆپچىلىك بىر بۆردىدىن بەرسە تويدۇرار،

بىر مۇشتتىن ئۇرسا ئۆلتۈرەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كۆپىنىڭ قولى كۆككە يېتەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كۆپىنىڭ كۈچى كۆككە يەتكۈزەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كۆپكە كەلگەن ئىزامۇ توي.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كۆپكە خانىڭمۇ كۈچى يەتمەس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كۆپ بىلسەڭمۇ كۆپچىلىكتەك بىلەرسەن.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن



www.uyghurkitap.com

كۆپنىڭ كۈچى كۆككە يەتكۈزەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كۆپنىڭ كۈچى تاغ كۆتۈرەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كۆپنىڭ مېلىنى ئوغرى ئالماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كۆككە باقماي كۆپكە باق.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كۆپنىڭ كۈچىگە تاغمۇ تەڭ كەلمەس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن



كۆپچىلىكتىن قاچقان قۇتۇلالماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كۆپ بىلەن ماڭساڭ كۆپ يۈرەرسەن،

يالغۇز ماڭساڭ كۈن يورەرسەن.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كۆپتىن توشقان قېچىپ قۇتۇلالماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كۆڭلى بۆلۈنگەن ئادەم يوتقانغىمۇ ئەستەر بولالماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كۆپ يىلقا ئارىسىدا توكۇر قۇلۇن بىلىنمەس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كۆپكە قوشۇلساڭ ئەر بولىسەن،
كۆپتىن ئايرىلساڭ يەر (بولىسەن).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كۆپ بىلەن داۋان ئاشساڭ مەنزىلىگە يېتەرسەن.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كۆپتىن يامانلىغان كۆمۈكسىز قالار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كۆپ ئۇيۇشسا سىر ئېچىلۇر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كۆپنىڭ غېمىنى يېگەننىڭ نېنى پۈتۈن.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كۆپ بىلەن يۈرگەن يولدىن ئازماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كۆپكە لازىم بولسا، كارۋان تۆگىسىنى سويار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كۆپ ئېغىز بىر بولسا، بىر ئېغىز يېگەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن



كۆپنىڭ يۈركى كۈپتەك.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كۆپتىن ياخشى ئەقىل چىقار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كۆندە كۆلىساڭ تاغمۇ يىقىلار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كىچىكلىك ئىش بۇزۇلماس،
كەڭ ئېگىن ئۇپرىماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كىچىكسەڭگە كەڭ دۇنيا،
تالاشقانغا تار دۇنيا.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كىچىكلىك ئىش بۇزۇلماس،
تىرەكلىك تام يىقىلماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كىشىنىڭ يۇرتىغا كىشى كېلۇر،
خاپا قىلساڭ كىم كېلۇر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كىشىنىڭ كەسكەن قول ئاغرىماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كىشى بىلەن پىچكەن تون كالتە بولماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كىشىسىز ئىش — قېلىپسىز خىش.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كىشىنىڭ ئاتقان تاش يىراققا بارار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كىشى قىلسا ئەل،
بولار توققۇزى تەل.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن



كىشىلىك ئىشنىڭ كىمى بولماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كىشى ئالتۇندىن قىممەت.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

كېڭەشتە كەڭلىك كۆپ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كېڭەشچىلىك بولمىسا، دوپپاڭ بىلەن كېڭەش.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كېڭەشمىگەن ئادەم ئەمەس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كېڭەشلىك ئىشنىڭ پۇشايمىنى يوق.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كېچىدە كۆن چىقماس،
يالغۇز قولدىن ئۈن (چىقماس).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كۆپكە يۆلەنسەڭ كۆكلەيسەن،
كۆچكە يۆلەنسەڭ تىكلىنىسەن.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كۆپنىڭ ھەققى — كۆكنىڭ ھەققى.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كۆپنى كۆپچىلىك كۆتۈرەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كۆپكە ئىشەنگەن مۇرادىغا يېتەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

گۇمان ئىماننى قاچۇرار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

گۈلنىڭ تاجىسى گۈل ئارىسىدا،
يىگىتنىڭ ياخشىسى ئەل (ئارىسىدا).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن



لاي لايغا قوۋۇشار،
تاش تاشقا قوۋۇشماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەسلىھەتلىك ئىش قىلساڭ ياغ چاينايسەن چىشىڭدا،
مەسلىھەتسىز ئىش قىلساڭ غوۋغا قاينار بېشىڭدا.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

مۇشۇك مۇشۇكنى چىشلىسە، چاشقان كۈلەر.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

مىلتىقنىڭ ئىچى مورا،
ئۇنى ئېتىلدۇرغان دورا.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

نازىكنى ئەر كۆتۈرەر،
ئەر كۆتۈرمىسە ئەل (كۆتۈرەر).
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ھايۋان سوقۇشسا دالىنى بۇزار،
ئادەم سوقۇشسا ئارىنى (بۇزار).
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ھېسابتا بار، ھەمدەمدە يوق.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئوت سوغۇقنى يېڭەر،
بىرلەشكەن ياۋنى (يېڭەر).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئون باش — ئوڭلۇق باش،
بىر باش — مۇڭلۇق باش.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئوقى يوق مىلتىقتىن بىر كىشى قورقار، ئىككىسى قورقماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئوردا ئىناق بولمىسا، ئەل روناق تاپماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن



ئوت ئۆلغايسا، گۈلخان بولۇر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئوڭ قولۇم، سول قولۇم،

ھەر ئىككىلىسى ئۆز قولۇم.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئۆۋسى چۇۋۇلسا تۇخۇمى ساق قالماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئۇرۇشمىغۇچە ئۆچ بولماس،

ئۇيۇشمىغۇچە كۈچ (بولماس).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئۇرۇشقاق ئەلدىن قورق،

دەۋرەپ كەلگەن سەلدىن (قورق).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئۇرۇق ـ تۇغقاننىڭ يېقىنى ياخشى،

ئوتۇن ـ ياغاچنىڭ يېرىكى (ياخشى).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئۇيۇشقان كۈچ ئالماستىن چىڭ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئۆم بولمىسا ئەل بولماس،
بىرلەشمىسە كۈچ (بولماس).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئۆچكە ئورۇقلۇقىنى قويغا بىلىندۈرمەس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئۆستەڭنى يار ئالدۇرغان بىر كەتمەن لاي،
جېدەلنىڭ ئالدىنى ئالغا ئىككى ئېغىز هاي!

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئۆزىنى ئويلىغان يادار،
كۆپنى ئويلىغان ياشار.



«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئۇلپەت تاپ — قۇدرەت تاپ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى

ئېلى يەكلىگەننى قولمۇ يەكلەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئېلىڭ قۇدرەت تاپسا،

ئېنىڭ قۇۋۋەت تاپار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئىككى قوچقار سوقۇشسا، بۆرىنىڭ قورسىقى ئاچار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئىككى ئۈۋچى بار يەردە توشقان قېچىپتۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئىناق ئۆسكەن شادلىنار،

ئۇرۇشقاقلار دادلىنار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئىناق ئەلدە ئاپەت يوق،

ئىناقسىز ئەلدە ئامەت (يوق).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئىناۋەت تاپاي دېسەڭ توغرا سۆزلە،
بەخت تاپاي دېسەڭ ئەلنى كۆزلە.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئىككى قوچقارنىڭ كاللىسى بىر قازاندا قاينىماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئىناق ئەلدە قاياش كۆپ،
ئىناقسىز ئەلدە تالاش (كۆپ).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئىتنىڭ گۆشىنى ئىت يېمەس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن



ئىگىسىنى چىشلىگەن ئىت قان قۇسۇپ ئۆلەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئىككى بىر تۇغقان بىر بولسا، يولۋاس قورقار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى تادىرىسى

ئاناق ئۆتسە ئەل بولۇر،
توققۇزى تەل (بولۇر).
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئىككى قاغا يوق تالاشسا، ئوۋچىغا پايدا.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئاناق ئەلدە جاپا يوق،
ئاناقسىز ئەلدە ۋاپا (يوق).
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئىمام يۆتەلسە جامائەت زوكامدار.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئاناقسىزنىڭ سۆزى كۆل،
ئاناقلىقنىڭ يۈزى گۈل.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئاناقلىقتىن روناقلىق كېلەر.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئىناقسىز ئەلدە بەرىكەت يوق،
جېدەلدىن باشقا ھەرىكەت يوق.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئىناقسىز ئەلدە ئەركە جىق،
ئىناق ئەلدە بەرىكە (جىق).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئىككى سەتتىن گۈلدەستە چىقار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئىككى يېرىم — بىر پۈتۈن.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئىناق بولساڭ يىقىلمايسەن،
يالغۇز بولساڭ قوپالمايسەن.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئىگىسى يەكلىگەننى قوشنىسى يەكلەر،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئەر يەكلىگەننى يەر (يەكلەر).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئىناق ئۆتكەن گۆل بولۇر،
ئىناقسىز كۆل (بولۇر).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئىككى كېڭەشچى — بىر ئادەمنىڭ خۇداسى.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئىككى خوراز چوقۇشسا، ھەر ئىككىسىنىڭ تاجىسى قان بولۇر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئىشنى قىلغىن پەم بىلەن،
مەسلىھەتلىشىپ ئەل بىلەن.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئىككى ئاچال پاتمىغان يەرگە ئىككى يۈز ئەر سىغار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئىناق ئەل پاراۋان،
ئىناقسىز ئەل باياۋان.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئىككى كېمىگە دەسسىگەننىڭ چاترىقى يېرىلار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئىناقلىق —باغ،
يۆلەنسە تاغ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

يالغۇز دەرەخ ئورمان بولماس،
ئىناق ئەل ۋەيران بولماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن



يالغۇز يىگىت خان بولماس،
يالغۇز ياغاچ ئۆي (بولماس).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ياخشىلار تېپىشار ھەر يەردىن بولۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىلغان ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

يامانلار تېپىشار بىر يەرلىك تۇرۇپ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

يالغۇز قۇشنىڭ ئۈنى چىقماس،
يالغۇز قىزنىڭ مۇڭى (چىقماس).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

يالغۇز تېرەك بوستان بولماس،
قوي تېرىسى ئۇلتاڭ (بولماس).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

يالغۇز ئوتۇن قۇرۇق بولسىمۇ كۆيمەس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

يالغۇز ئۆينىڭ تامىقى ئۆزگە يەتسىمۇ، كۆپكە يەتمەس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن



ياتنىڭ بالىسى — يىغا.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ياقىغا چىقساڭ ياقاڭ يىرتىلار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

يالغۇزلۇقتا تام قوپماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

يالغۇز يۈرگەن يەرگە يىقىلار،
ئەل بىلەن يۈرگەن ئەلگە (يىقىلار).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

يالغۇز كۆزنى ئاچقۇچە، كۆپ داۋان ئاشار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

يالغۇز ئوتۇن ياناماس،
يالغۇز قويۇن ئىسسىماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

يالغۇز قوينى بۆرە يەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن



يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس،
چېڭى چىقسىمۇ دېڭى (چىقماس).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ياخشى خوتۇن يامان ئەرنى سۇلتان قىلۇر،
يامان خوتۇن ياخشى ئەرنى ئۇلتاڭ (قىلۇر).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

يالغۇز ئوتۇندىن يالقۇن چىقماس،
يالغۇز باتۇر غالىب بولالماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

يالغۇزنىڭ سۆزى ئۆتمەس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

يالغۇز تارنىڭ ئۈنى چىقماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ياردەمچىڭ ياخشى بولسا، ئىشىڭ ئوڭغا تارتار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ياردەمچىسىز پالۋان سەپ يارالماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

يەككە ـ يېگانە — ھېلىم دىۋانە.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

يۆلەنچۈكۈڭ تاغ بولسا، مۈشتۈڭ بازغان بولار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

يۇرتقا پاتمىغان ھېچ يەرگە پاتماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

يۇرت ئىتلىرى تالىشار،
بۆرە كەلسە يارىشار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

يېنىڭدا تۇرسا پۇلۇڭ توققۇز تۇرار،
ئەلدە قويساڭ پۇلۇڭ ئوتتۇز بولار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن



يىغنىۋالمىغۇچە ئەل بولماس،
چىگىنىۋالمىغۇچە بەل (بولماس).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىكمە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

يېقىنىنىڭ يېقىنىقى بار،
دەريانىڭ ئىقىنى (بار).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

يىپ ئۈزۈلسە ئۇلىغىلى بولار،
كۆڭۈل ئۈزۈلسە ئۇلىغىلى بولماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كۈندۈز ئۆتۈپ كەچ يېتىپ كېلىدۇ — ئەمما شۇ ساڭا جىم-جىتلىق ئەكېلىدۇ. بۇ بىر ئۆلچەپ بولمايدىغان جەريان. ئالەمشۇمۇل كۈچ، ئۈن ـ تىنسىز ئىناقلىق. ئىناقلىق جىملىقتىن — بىر خىل يېقىملىق رىتىمدىن، بىر تال مۆكەممەل تارنىڭ چېكىتىلىشىدىن ياكى ئېيتايلى، ئاسمان جىسىملىرى سازىدىن كېلىدۇ.

ئاشۇ رىتىمنى قولدىن بەرمەي، ئۇنىڭ مەلۇم بىر قىسمىدا بىر دەقىقە تۇرسامىلا كۇپايە. ئاشۇ بىر دەقىقىدە ئالەمدىكى كىشىلەرنىڭ قوشۇلۇپ بىر بولىدىغانلىقىنى شەك ـ شۈبھىسىز ھېس قىلىمەن. شۇڭا، ئىشىنىمەنكى، بۇ رىتىم تولىمۇ تەرتىپلىك، تولىمۇ ماسلاشقان، تولىمۇ گۈزەلدۇر، ئۇنىڭ قارىغۇلارچە تاسادىپىيلىقنىڭ مەھسۇلى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس — شۇ ۋەجىدىن بۇ بىر

پۈتۈن گەۋدە مۇقەررەر ھالدا بىر نىشان بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىنسانلار ئاشۇ بىر پۈتۈن گەۋدىنىڭ تاسادىپىي بىر تارمىقى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ بىر قىسمىدۇر. بۇ بىر خىل ئىدراكتىن ئېشىپ چۈشىدىغان سەزگۈدۇر؛ ئۇ، ئىنسانلارنىڭ باش ـ ئايىغى يوق ئۈمىدسىزلىك دىلىغا كىرىدۇ. بۇ ئالەم بىر قاچا دوغاپ ئەمەس، بەلكى بىر خىل تەرتىپ؛ ئىنسانلار ئاشۇ تەرتىپنىڭ مۇقەررەر بىر قىسمى، ئۇ دەل كۈندۈز بىلەن كېچىگە ئوخشىشىدۇ.

رىچارد ئې بيرد

مەن سۆز ـ ھەرىكەتتە چەكلەنمىگەن ئىناقلىقنى ياقتۇرىمەن. ئۇ قەلبىمدە كەمسىتىش پەيدا قىلمايدۇ، پەقەت تېخىمۇ يېقىملىق پەيدا قىلىدۇ.

گېرترۇدې ستېئىن

بىزنىڭ دوستلۇقىمىز ھەمىشە ئوپۇل ـ ئوپۇللا ئۈزۈلۈپ قېلىپ، بەختسىزلىك بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. چۈنكى ئۇ كىشىلەر قەلبىدىن ئىبارەت مۇشۇنداق مۇستەھكەم تالادىن ئەمەس، بەلكى ھاراق ـ شاراب ۋە خام خىياللار ئاساسىدا ئورنىتىلغان. دوستلۇق قانۇنىيىتى تەبىئىي قانۇنىيەت ۋە ئەخلاقىي قانۇنىيەتتىن كېلىپ چىققان، ئۇ ئۇلۇغ، قەتئىي ۋە مەڭگۈلۈك بولىدۇ. ئەمما بىز تولىسى

تىز ۋە ئەرزىمەس مەنپەئەتكە بېرىلىمىز، ھەش ـ پەش دېگۈچە غايىب بولىدىغان گۈزەللىككە ئىنتىلىمىز. بىز ئاللانىڭ بېغىدىكى ئەڭ ئاستا يېتىلىدىغان مېۋە، ئۇ نۇرغۇن قەھرىتان سوغۇق ۋە تومۇزنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن ساختىلىق ئارىلاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئۇنى ئۆزىمىزگە لايىقلاشتۇرىمىز.

مەن دوستلۇقتا گۈزەل، ئەمما سەمىمىي بولمىغان ئۇسۇل بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى خالىمايمەن، بەلكى ئەڭ قوپال، قەيسەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىمەن. ئەگەر بۇ دوستلۇق چىن بولسا، ئەينەك يىپ ياكى قىرو بولماستىن، بەلكى بىزگە مەلۇملۇق بولغان ئەڭ چىدامىلىق نەرسە بولۇشى كېرەك.

دوستلۇقنىڭ ئاخىرلىششى باردى ـ كەلدى قىلىشتىكى ئەڭ ئېغىر ئىش ۋە پەسكەشلىك؛ بىز باشتىن كەچۈرگەن ئىشلارغا قارىغاندا ئەڭ ئېغىر ئىش. دوستلۇق بارلىق مۇناسىۋەتلەر ۋە ھايات ـ مامات ئوتتۇرىسىدىكى يولدا تۇرۇپ، كىشىلەرگە ياردەم ۋە تەسەللى بېرىدۇ. ئۇ تىنچ كۆڭۈللەرگە باب كېلىدۇ، ئۇ گۈزەل سوۋغا، يېزىلاردا ئىستىراھەت قىلىشقا لايىق، شۇنداقلا ئەگرى ـ بۈگرى يوللار ۋە مۇشەققەتلىك سەپەر، ئاپەت، نامراتلىق ۋە زىيانكەشلىكلەرگىمۇ باب كېلىدۇ. ئۇ ھەمىشە ئاقىللارنىڭ ئۇرغۇلۇق سۆزلىرى ۋە دىن ئىخلاسمەنلىرىگە ئەگىشىپ يۈرىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ ئېسىللىقىنى كۆز-



ئويغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دىلىك ئېھتىياج ۋە ئىنسانلارنىڭ ۋەزىپىسى ئارقىلىق نامايان قىلىنىشىنىمۇ ھەمدە دوستلۇقنى جاسارەت، ئەقىل ـ پاراسەت ۋە ئىتتىپاقلىق بىلەن زىننەتلىشىمىز لازىم. ئۇ مەڭگۇ ئادەتتىكى قائىدە ۋە بەلگىلىك سانلار قاتارىغا چۈشمەيدۇ، ئەمما ئۇ ھامان سەگەك، بەلكى مول ئىجادچانلىقتا ئىگە، جاپا ـ مۇشەققەتلىك ئىشلارغا كۆي ۋە ئەقىل بېغىشلايدۇ.

رالپ ۋالدو ئېمېرسون

بىر ھەكىمدىن سورىدى:

—غېرىب كىم؟

—دوستسىز كىشى! — دەپ جاۋاب بەدى ئۇ.

مۇئىنىددىن جۇۋەينىي

دائىما دوستلار بىلەن بول ھەمنەپەس،

كۆرمە دۈشمەننىڭ يۈزىنى بىر نەپەس!

—فەرىدىددىن ئەتتار



«نادان دوستتىن زىرەك دۈشمەن ياخشى» دەپ بىكار ئېيتىشمىغان. ئەگەر، سەن بىر كىم بىلەن دوست تۇتۇنماقچى بولساڭ، شۇ كىشىنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۈچ خىسلەت بولمىسا، ئۇ دوستلۇققا يارى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مايدۇ. ئۇلار مۇنۇ نەزمىدىكىلەردۇر:

ھەر دوستىكى، دىلىدا ئۈچ خىسلەت بولماس،
كەچ ئۇندىن، دوستلۇققا ئەسلا ئەرزىمەس.
بىرى ۋاپادارلىق، بىرى سىر ساقلاش،
بىرى بايلىقىنى سەندىن ئايىماس، بەس!

مۇھەممەد جەبەلرۇدىي

ھەر نەرسىنىڭ يېڭىسى ياخشى، ئەمما دوستلۇقنىڭ كونىسى.

«ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

ناتىنچ كۆڭۈلگە شېرىن ئۇيقۇ كەلمەس.
تىنچ ياشاشنى ئىستىسەڭ، پەسكەش ئادەملەر بىلەن دۇشمەنلەشمە.
مال ـ بايلىقىڭ كەتسە كەتسۇن، ۋاقتىڭ زايا كەتمىسۇن.
تازىلىق سالامەتلىكنىڭ بىرىنچى سەۋەبى كېسەللىك ئىللەتلەردىن قۇتۇلۇشنىڭ ئۇلۇغ يولىدۇر.
تازىلىق بەدەننىڭ قۇۋۋىتىگە قۇۋۋەت ۋە گۈزەللىكىگە گۈزەللىك قوشىدۇ.
گۈزەل يۈز كۆز نۇرىنى ئاشۇرىدۇ.

يېزىقىغا باقما، يازغىنىغا باق.
تىنچلىقتىنمۇ بۈيۈك نېمەت يوق.
موھتاجلىقى كەم ئادەمنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولۇر.
سالامەتلىكتىنمۇ ئارتۇق بايلىق يوق.
دۇمبىسى يارا ئاتنىڭ بېشىغا چۇشكەن ئىش ساغلام ئاتقا ئاسان كۆرۈنۈر.
غەملەردىن، دەردلەردىن ئازاد ھەر يۈرەك،
ئۆزگىلەر دەردىنى قانداقمۇ بىلسۇن؟!
تىنچ بولاي دېسەڭ، نەپسىڭ خاھىشىغا قارشى ئىش كۆر.
سالامەتلىكنىڭ قەدرى كەتكەندىن كېيىن بىلىنۇر.
ئۇيقۇغا كېتىش جاننى بىر نەپەس خەتەرگە تاپشۇرۇشتۇر.
چۈنكى ئۇيقۇ ئۆلۈم ئەلچىسى.

«ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

ھەقىقىي كۆز ئىگىسى شۇنداق كىشىكى، ئۆزىنىڭ قىلـ-مىش ـ ئەتمىش ۋە سۆزىگە ھەمىشە تەنبىھ نەزىرى بىلەن قارايدۇ. دانا يۈرەك ئىگىسى شۇنداق كىشىكى، دۇنيا سارىيىدا ياخشى ئىشـ-لارنى قىلىش ئارقىلىق مالامەتكە قالمايدىغان ياخشى نامغا ئىگە بولۇپ كېتىدۇ.

مۇئىنىددىن جۇۋەينىي

www.uyghurkitap.com

يىگىت تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭدىن ھېچكىمگە ئازراق بولسىمۇ پايدا تەگمىسە، ئۇنى يىگىت دېگىلى بولماس. ئەگەر، كىشىدىن بۇ دۇنيادا بىرەر يادىكارلىق قالمىسا، ئۇنى ئادەم ھېسابلاش ناراۋادۇر. ئەگەر، ئىنساندىن دۇنيادا بىرەر كىتاب ياكى ئىمارەت قالسا، ئۇ تىرىكلەر قاتارىدا يوقىلىنۇر ۋە ئۇنداق كىشى ئۆلۈك دەپ سانالماس.

«فەۋاكىھۇل جۇلەسا» دىن

قارىغۇ بول، توكۇر بول، ياخشى نام قالدۇر.
ياخشى نام قازىنىش چوڭ بايلىققا ئېرىشىشتىنمۇ ئەۋزەل.

«ئاتىلار سۆزلىرى» دىن

ياخشىلىق ياخشى نام كەلتۈرىدۇ، ساخاۋەت بولسا كىشىنى بەختىيار قىلىدۇ.

مۇھەممەد ھۇسەين

يامان ئاتلىق كىشى ئۆلۈك بىلەن تەڭ،
ياخشى ئۆلسە گەرچە، تىرىك ئەل ئارا.
شۇنداق ياشىغىنكى، سەن ئۆلسەڭ ئەگەر،
باشقا تۇپراق چېچىپ چەكسۇن ئاھ ـ ناۋا!

مۇھەممەد جەبەلرۇدىي

ھۆكۈمدار خەلق بىلەن ئىناق مۇناسىۋەتتە بولۇشى كېرەك. بولمىسا ئۇ پېشكەلچىلىككە ئۇچرىغاندا يالغۇز قالىدۇ.

ماكياۋىللى

تىنچ مەزگىللەردە پۇقرالار دۆلەتكە باغلانغان بولىدۇ، ھەممە

ئادەم دۆلەت ئۈچۈن كەتمەن چاپىدۇ. ئۆلۈم خەۋپى ناھايىتى يىراقتا تۇرغان بولىدۇ. كىشىلەر دۆلەتتىن جېنىمىزنىمۇ ئايىمايمىز دەپ قەسەم قىلىشىدۇ. بىراق، خەتەر يېتىپ كېلىپ، دۆلەت پۇقراغا قاراشلىق بولغاندا، ھۆكۈمدار قەسىمىگە ئەمەل قىلىدىغانلارنىڭ بارماقتا سانىغۇدەكلا قالغانلىقىنى بايقايدۇ.

ماكياۋىللى

ئەقىللىق ھۆكۈمدار پۇقرالارنى ھەربىر دەقىقىدە دۆلەتتىن ئايرىلالمايدىغان ھالەتتە تۇتۇشنىڭ ئامالىنى ئىزدىشى كېرەك. شۇ چاغدىلا پۇقرالار ھۆكۈمدارغا سادىق بولىدۇ.

ماكياۋىللى

ھۆكۈمدار ئۈچۈن ئەڭ ياخشى قورغان دەل خەلقنىڭ ھىمايىسىدۇر. ئەگەر خەلق سەندىن نەپرەتلەنسە، سېنى ھەرقانداق قورغانمۇ قۇتقۇزۇپ قالالمايدۇ. خەلق قولىغا قورال ئېلىپ ساڭا قارشى قوزغالغاندا چەت ئەل كۈچلىرى ئىككىلىنىپ ئولتۇرمايلا خەلققە ياردەم قىلىدۇ. بۇنداق شارائىتتا، خەلق ھامان ئىتتىپاقداش تاپىدۇ.

ماكياۋىللى



ھۆكۈمدار پۇقرالىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ۋە ئۇلاردا ئىشەنچ پەيدا قىلىش ئۈچۈن رەھىمسىز دېگەن ئاتاققا قېلىشتىن ئانچە ئەنسىرەپ كەتمىسىمۇ بولىدۇ. ئايرىم ئىشلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالايمىقانچىلىق، قاتىللىق، بۇلاڭچىلىق كەبى قىلمىشلارنىڭ

ئەۋج ئېلىپ كېتىشى بىلەن كارى بولمايدىغان ئاتالمىش رەھىم-دىللىككە نىسبەتەن ئۇ تېخىمۇ رەھىمدىللىكتۇر، چۈنكى، كېيىنكى ئىشلارنىڭ جەمئىيەتكە كەلتۈرىدىغان زىيانلىرى كۆپ بولىدۇ. ئەكسىچە، ھۆكۈمدار ئۆلۈم جازاسى بەرسە، بۇنىڭ زىيىن-نىنى ئىنتايىن ئاز ساندىكىلەر بىلەنلا چەكلىنىدۇ. يېڭى ھۆ-كۈمدارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، رەھىمسىز دېگەن ئاتاقتىن ساقلىـ-نىش تەس. چۈنكى، دۆلەت نۇرغۇن خەۋپ -خەتەرگە دۇچ كېلىـ-ۋاتقان، كەسكىن چارە قوللىنىش زۆرۈر بولغان بولىدۇ.

ماكياۋىللى

بىر ھۆكۈمدار ھەرگىزمۇ زۆرۈرىيىتى بولمىغان ياكى مەج-بۇرلانمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئۆزىدىن كۈچلۈكلەر بىلەن ئىتتىد-پاقداش بولۇپ، باشقىلارغا زىيان -زەخمەت يەتكۈزمىسۇن. چۈن-كى، ئىتتىپاقدىشىڭ غەلىبە قىلسىلا، سەن ئۇنىڭ ئويۇنچۇقى بولۇپ قالىسەن.

ماكياۋىللى

بىر دۆلەتنىڭ مىللىيلىكى، ئۆرپ - ئادەتلىرى ھەمدە كۆڭۈل ئېچىشلىرى ئەگەر ۋەھشىيانە ۋە ياۋايىلارچە بولسا، ئۇنداقتا، ئۇلار-نىڭ جازالاشلىرىمۇ ناھايىتى قاتتىق بولىدۇ.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن

مەجمۇئە ئىسمى : ھېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى

كىتاب ئىسمى : ئىناقلىق ھەققىدە ھېكمەتلەر

پىلانلىغۇچى : مۇرات ئىلى

باش تۈزگۈچى : ئادىل مۇھەممەت

تۈزگۈچىلەر : ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
ئايشەمگۇل ئايۇپ
جۇرئەت نىياز
بىلقىز مۇھەممەت

تەكلىپلىك مۇھەررىر : ئامىنە كىچىك

مەسئۇل مۇھەررىر : ئەنۋەر قۇتلۇق

مەسئۇل كوررېكتورى : قەييۇم تۇرسۇن

نەشرىيات : شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

ئادرېسى : (830000 ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ قورۇ )

تارقاتقۇچى : شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى

زاۋۇت : شىنجاڭ شىنبوۋېن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى

فورماتى : 880×1230 مم 32/1

باسما تاۋىقى : 3 باسما تاۋاق

خەت سانى : 51 مىڭ خەت

نەشرى : 2008 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

بېسىلىشى : 2008 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى

كىتاب نومۇرى : ISBN 978—7—80744—424—4

باھاسى : 9.90 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ )